ا.قاسیمی



# تاللانما اثرلەر

ناشری: شاڭ جاڭ خلق دیموکراتیه
ئتتفاقینڭ باش ئجرائیه هیئتی

1950

www.uyghurkitap.com

# رهبریمز احمد جان قاسیمی جنابلری



ا. قاسیمی

# تاللانما اثرلەر

رهبریمز احمد جان قاسیمی جنابلری
وفاتینینك یللق خاطره‌سیگه بیغشلاب
چقریلدی

ناشری: شك جالؤنخلق دیموکراتیه
ئتفاقینك باش ئجرائیه هیئتی

1950

اوروم‌چی

# مندرىجه


1- كرش سوز . . . . . . . . . . . .

2- بز اوچون خوش خبر . . . . . . 1- بەن

3- ملتلر مجلسيدە احمد افندىنىڭ قو
شومچە قلغان داكلادى . . . . . 6

4- ضيالىلريمزنىڭ حاضرقى وەظيفەلرى
وئالديمزديكى سايلام . . . . . . . 10

5- 12 - نويابر ملى ئازادلق انقلابى
مزنىڭ 3- يللىغىنى خاطرەلەش
يىغنىدا سوزلەنگەن نطق . . . . . 26

6- توزەلمەس افلاسلارنى نىمە قلداق
كېرەك . . . . . . . . . . 34

7- اوتكەندىكى ساباقلارنى حسابقا
ئېلىپ كامچىلىقلارنى توزوتەيلى . . 43

8- ينە بر قېتم شرقى توركستان
توغرولوق . . . . . . 82

9- اكوچ برلكدە . . . . . . . . . 93

10 اولوسچىلار كىملر؟ ، ەاولار اوز
ملتىگە قانداق خيانەت قيليدو . 119

11 غولجا شەھر بىواسطە عمومى مكتب
اوقوتقوچىلريدا ئو. قا. ق. كلو
بيدا سوزلەنگەن نطق . . . . 142

-12 مللی ئازادلق کوچی بر لەشیشدە . . . . . . . . . . . . . . . - 171 - بەت

-13 خلقئارا احوال وە اتفاق . . . . 205

-14 24- غنیوار کونی ئو. قا ق. کلوبلاا ولکە وضعیتیگە قاریتابریلگەن بیانات . . . 238

-15 ملی مسئلەلیریکی بعضی بر خطالقلریمز . . . . . . . . . . 262

-16 غولجا شهریکی مسئول خدمتچیلرگە سوز لەنگەن نطق . . . . . 274

-17 بزنك ئازادلق انقلابیمز وە اتفاق . . . 286

-18 غولجا شهر اتفاق ئاکتیفلار مجلسیدە سوز لەنگەن نطق . . . . . . 300

-19 ئادەم حقوق نقابی ئاستیدا ئادم حقوقینی دەفسەندە قلنیشی . . . 310

# كرىش سوز

قولىڭىزدىكى بو اثر مرحوم رهبرىمىز احمدجان قاسى
مىنىڭ مقاله و نطقلرىنىڭ بر قىسمى. اصلىدە احمدجان
قاسىمى وفاتىنىڭ بر ىىللىغى مناسبتى بىلەن بوتون اثر
لرىنىڭ و احمدجان قاسىمى حقىدە يزىلغان مقالەلر
نىڭ توپلىمى نشر قىلىنىشى كېرەك ايدى. بو توغرىدى-
كى تيارلىق اولگورمىگەنلىكدىن، بر يىللىق ماتم خاطره
سىگە بېغىشلاب ئۇلغۇر بوشو تاللانما اثرنى نشر قىلىشقا
توغرى كەلدى. لېكن بو خدمت ىاناداوام قىلدورولوب
تولوك اثرلر ئازقا-ئازقىدىن نشر قىلىناقچى.

رهبرىمىز احمدجان قاسىمى، ئازادلىق، دېموكراتىيە
لىك، خلقچىلىق و تىنچلىق يولىدا هارماي-تالماي كو
رەش قىلىش بىلەن بو ساحەدە كادرلرنى و ماسسانى
ئۆزچىللىق بىلەن تربىيەلەب كەلدى. گومىنداڭ عكس ال
حركتچىلرى بزنىڭ انقلابى كوچىمىز بىلەن حسابلىشىش
قا مجبور بولوب، مذاكرە يول گوزوشكە مجبور بول
غاندا، احمدجان قاسىمى صحبت واقتلرىدا خلقىمىز
نىڭ دېموكراتىك حقوقلرىنى، قاتتىق تېررب حمايە قىلىپ
خلقىمىزنىڭ ظلومغا قارشى انقلاب قىلىشقا حقلىق ايكەن
لىكىنى اثبات قىلىپ، گومىنداڭچىلرنىڭ خلق تكلىفلرى
نى رد قىلىنتا قىلغان اوروىوشلرىنى يوققا چىقرىپ،
سىرقىلىنىڭ بر موىنچە دېموكراتىكلرىنى اعتراف قىلغان تىنچلىق

دور. بىز دۇنيادە بولمىغوچىلار كىيمەلكى بولموسون
بىزنىڭ دۈشمەنىمىزدۇر» دەيدۇ.

ئەينى زامانلاردا، احمد جان قاسىمى جاھانگىرلەرنىڭ مالايلىرى بولغان مىللەتچىلەرگە، ئولۇسچىلارغا قارشى رەھىمسىز رەۋىشدە كورەش قىلدى وە بو كورەشكە ئىزچىل رەھبەرلىك ئەتدى. مىللەتچىلىك خصوصەن تار مىللەتچىلىك جاھانگىرلەرنىڭ مستملىكە وە عاجز خەلقلەرنى ئېزىش وە قول قىلىش اوچون قوللىنىدىغان ئاساسى بولغۇچىلىك پىلانى ايكەنلىكىنى ئاتم جاكالاپ، محمد امين عيسى، مسعودلارنىڭ تار مىللەتچىلىكىگە قاتتىق زەربە بېرىپ كەلدى. اولارنى قوي تېرىسىگە اورولوپ ئالغان بورىلار، دەپ دائىم سىرلىرىنى فاش قىلىپ، خلق ئارىسىسىدا موندۇق خلق دۈشمەنلىرىگە ھەرگز اورون بېرىلمەيدىغانلىقىنى ئاكدلەپ كەلدى.

دېمەك بو احمد جان قاسىمىنىڭ بىزنىڭ اولكومىزدە ملتلەر مسئلەسىگە اونىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى توغقور مولاھزە قىلىپ، بىرا بەرگەنلىكىنى وە ملتلەر مناسبت مسەلەسىنى بىنالمللچىلىك ئاساسىدا حل قىلىش ئۈچۈن كورەشكەنلىكىنى كورسەتىدو.

احمد جان قاسىمىنىڭ بو ئالاھىدە وە باشقا مقالە ھەم نطقلارى بىزنىڭ ملى ئازادلىق ئىنقلابىدىكى ماھىرلىق وە دانىشمەندلىك بىلەن رەھبەرلىك قىلغانلىقىنى، ماسسالارنى خصوصەن كادىرلارنى ئىنقلابى نظرىيە بىلەن، خلققە صادق خلق خدمتچىلىرى قىلىپ تەييارلاش اوچون كورەشكەنلىكىنى، استبدادغا ك

مىللەتنى ئاغدۇرغاندىن كېيىن كۆپچۈلۈك ئىدەمەكچى خەلقنىڭ ئەمەلىيەتكى ئازادلىقىنى تامامەن بولۇش ئوچۈن كۈرەش قىلىپ كەلگەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە بىزنىڭ مىللى ئازادلىق ئىنقىلابىمىز پەقەت جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ ئومۇمى غالىبىيەسى بىلەن بىرلىكتە غالىبە ئازاد بولغانلىقىنى ۋە كەلەر مىللى ئازادلىق ئىنقىلابى بىرلىكىنىڭ ئاساسىيسىنى شۇ مەقسەدكە يا- قىپ ئېلىپ بارغانلىقىنى كۆرسىتىدۇر

شۇنى يادىشى ئەسدە تۇتۇش كېرەككى، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بىرمۇنچە ماقالە ۋە نۇتۇقلىرىنىڭ قايسىمىزگا كۆردە، كەلەر بولۇپ قارشى تۇرغان ھالدا يېزىلغان ۋە سۆزلەنگەنلىكىنى چوڭقۇر ئېتىبارغا ئېلىشى لازىم

بۇ توپلامنى ئالدىدىن قىلغان ھازىرلىق ئىشلىرىمىز بولامىغانلىقىدىن خېلى كەمچىلىكلەر بىلەن (ئەدەبى ۋە تېخنىكا جەھەتتىن) نەشر قىلىندى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ كەمچىلىكلەرنى ئېتىبارغا ئېلىشلىرىنى سورايمىز.

1

# بىز اوچون خوش خەبەر

روس تىلىدىكى ئازاد «شەرقى توركىستان»
گېزىتىنىڭ شۇ يىل 26 - غېنوار سانىدىكى «چەت
ئەللەردىن خەبەر» دېگەن رادىيو اخباراتى ئالبان
يە ( ارناووت ) و مانغولىيە مستقل جمهورىيەت-
لەرىنى اعلان قىلغانلىرى توغرولوق خوش خە-
بەرىنى يەتكۈزدى . بىز اوچون ھەر بىر ايزىلگەن
خلقنىڭ ئازادلىققا چىقىشى الڭ زور خوش خەبەر
حسابلىنىپ بىزنى شو حكومت قوللوقىدىن قوتول
غان خلق بىلەن بەب - برا بەر شادلاندورودو.
دنيانىڭ غربىدە كىچككىنە ئالبان خلقى، شرق
دە مانغول خلقى مستملىكەچىلىك تاءثىرىدىن
قوتولوپ حر ئازاد اوز اختيارى اوز قولىدا
بولغان دولتلەر قاتارىغا كىردى .

ئالبانىيە - بالقان يېرىم ئارالىنىڭ غربى قس
مىدا يوگوسلاوىيە ، گرىتسىيە دولتلەرى وە
ئادرىياتىك دىڭىزى بىلەن چەكلەنگەن تاغلىق كىچ
ككىنە بىر دولت . يەر مەيدانى 28 مڭ مربع
كىلو مېتىر بولوپ بىر مىليوندىن ئارتوغ-راق
خلقى بار. مركزى شەھرى تيرانا .

1924 — يلىدين باشلاپ ايتاليە تجاووزلاقيغا دوچار بولغان ايدى . ييقيندا خلقچيلىق ئاساسيدا اونكوزولگەن سايلاملاردا سايلانغان خلق وكيللر مجليسى ئالبانيەنى « ئالبان خلق جمهوريتى » دەپ اعلان قلدى.

مانغوليە بولسا بزنىڭ شرقى شماليكى خوشنامز 1.5 مليون مربع كلوميتر يەرنى اشغال قليب بر مليونغا ييقين خلقى ياشايدو. 1921— يلغا قدر اوزى ياوروپا دولتلرينىڭ ييرم مستعملكەسى بولوب خطاى مستبد حكومتينىڭ مستملكەسى بولوب كەلگەن ايدى. خطاى مستملكەچىلرينى هايداپ چقارغان مانغول خلقى 1924 — يل مانغول خلق جمهوريتىنى اعلان قلغان ايدى . ليكن مانغول خلقينىڭ حر ئازاد ياشاشىنى خاليمىغان استبداد خطاى حكومتى مستقل ياشاپ كەلگەن مانغول خلقينى استقلاليتىنى تا شو كونگە قدر تونومىغان ايدى .

2 — دونيا اوروشى نتيجەسيدە خلقچيل دولتلرنى غالبيت بولوشى و خصوصەن روسىيا بوزيلە حقيقى خلق چيلق سياستىنىڭ يورگوزولوشگە تشبثلر بولغان شورالار حكومتىنى تيزگەن خلقلارگە نسبەتەن توتقان سياستى

نتیجەسیدە - خطای استبداد حکومتی - مانغول خلق جمهوریتینک استقلالیەتینی تونوشقا مجبور بولدی.

بزگە بی واسطە چیگاراداش بولغان، بز بلەن تاریخی باغلق و تقدیری بر بولغان مانغول خلقینک اوز استقلالیتینی قولغا ئیلشی بز شرقی تورکستان خلقینی چەکسز شادلاندوریدو.

یاوروپانک چوک دولتلری بولغان فرانسیە، بیوک بریتانیە، ایتالیە و سابق گرمانیە دولتلرینک یرلەرینی هەمەسینی قوشقاندا ئاران برابر بولیدیغان یری بار، بز بلەن بی واسطە چیگیریداش، بر تقدیرلک، بر امیدلک خلقچیل جمهوریت نک موجود بولوشینی بزنک خلقیمز اوزینک الگ چوک اوتوقلریدن حسابلایدو.

ینە شو گزیتنک 27 - غینواردیکی چەت ئەللەردین ئالغان رادیو خبریدە: -- لوندوندا اوتوواتقان بولغان خلق ئارا باش ئاسامبلیەنک دونیا خوفسزلکینی ساقلاش کومیتەشیدە؛ اوزینک حقیقی عادل انسانیەتچیلیکی بار دولت ایکەنلیکلرینی اثبات قلیپ اوکراینا س.س.س.ر وکیلینک ئیندونیزیە ( جنوبی سوماترا، بورنیو. سیلبس ...) توغرولوق بەرگەن تکلیفی بتون خلقچیل، انسانیت چیلیگی بار دنیا ترقیات طرافدارلرینک دقتینی اوزیگە جلب قلیدو.

اوكراينا س س س رنىڭ وكىلى اورىنىڭ مه‌كتوبىدا ئىندونىزىيه خلقىغه قارشى بولوب تورغان جه‌كله‌رده رسمى انگلىز حربى قسملرىنىڭ قاتناشىب كىلىۋاتماقدا بولغانلقىنى و بۇ احوال داوام ئه‌تكه‌ن تقدىرده دنيا تنچلقىنى خه‌وفكه‌سىزلىشقا سببچى بولىدىغانلقىنى بيان قلدى.

س س س ر وكىلى اوز مراجعتىده : گرىتسىيه‌ده حاضرقى تورغان ئه‌نگلىز عسكرلرى معاربه دورىدىكى يولنىڭ خطرسزلىگىنى قوغداش منفعتىنى تامىن قلمايدو، حاضرقى دورده ئه‌نگىلز عسكرلرىنىڭ گىرىتسىيه‌ده توروشى گرىك خلقىنىڭ اوز ئه‌راكى بلهن اوز دولتىنى اداره ئه‌تشكه توسقونلوق قلىب، مسئله‌نى كون سانىب جدىله‌شتوروب؛ دنيا تنچلغىغا ضربه يه‌تكوزودىغانلغىنى بيان قلغان. بزگه اوخشاغان ئىزلگه‌ن خلقلر اوچون بو ايككىلا جايدىكى مسئله يرلك خلق اوز ئه‌ركىنى اوز قولىغا ئه‌لىب دىموكراتىك حكومتلرنى قوروب ئالسا، زور خوش خبرلردىن بولغوسىدۇر.

چونكى: -- ئىندونىزيه ( جاوا ، سوماترا ، بورنىئو، سىلىبس و باشقا ئارالار ) عصرلر بويىچه جهانگىرچىلك سىياستىنىڭ قوللوق زه‌نجىرىگه باغلانغان بولوب ئىڭ قاتتىق تالانغان مستملكه‌لردىن برى ايدى.

گرېتسىيە ( يونانىستان ) پولشا -- 8 ملك
يىللار بورون دونياغا افلاطون ، ئارىسطو ، ئەپىـ
كور ، فىدس و ئارخىمېدلارنى بەرگەن 7 مىلـ
يونلوق يونان خلقى اوز ئەركى بلەن اوز دو
لتىنى اوزلرى اداره قلشلارى البته قانونيدور.
لېكن ئايرم دولتلر ئاتلانتىك خارتىەسىگە رعايە
قلماسدين اوزلرىنىڭ تجاووزچىلق سياستلرىنى
دوام قلماقچى بولودو. لېكن بتون دنيا بويىچە
خلقچىلق سياستى ترقى تېپىب خلقنىڭ اوزى تىلە
گەن يولى بلەن دولتنى اداره قلب دنيا خوف
سىزلىگىنىڭ تاءمىن ايتىشىگە هيچ قانداق شبهە يوق.
بودۇر تجاووزچىلرنىڭ تانىبى تارتىلىدىغان دۇر.
عموماً بز اوچون يوقورىدىكى مسئلەلەرنىڭ
موافقيتلىك حل بولوشى خوش خبردور.

1946 — يلى 3 - فېورال ( ئازاد شرقى
تورکستاندىن )

# ملتلەر مجلسيدە احمد افندىنىڭ قوشومچە قلغان دوكلادى

محترم ئاتيلا! ئاكيلاوە بارلق قيرينداشلار !

مەن سزلەرنىڭ ئالديڭزلارغا - ع لاهيدە داك-
لاد حاضرلاب چقيقنم يوق. وكيللەر توغروسيـ
دا رحيم جان افندى تولوق چوشەنچە بيرب
اوتدى. شونڭغا قوشومچە بر ئيكى ئيغز سوز
قيلب اوتمەكچيمەن. (ئالقشلار)

خلقيمز ئازادلققا قوزغالغاندا، ئولارنىڭ فعا
لييەتى مينوت ساناب اوسوشكە باشليدى؛ بزحا
ضر خلقيمزنىڭ هەمەسينى سياستچى ديسەك خطا
كەتمەيمز. چونكى، خصوصەن خلقنىڭ اوز ئازاد
ليغى وە اوز حرليگى ئوچون بولوب تورغان
انقلابى ياكى ئوروش دەوريدە هر كمنى اوز
خلقينىڭ تقديرى ئەنسرتيدو.

حاضر خطاى حكومتى بلەن صحبت باشلانغاندن
بيرى هەمە كشيلەرنىڭ دققتينى مذاكيرە اوزيـ
گە جليب قلدى وە هەمە كشيلەرنىڭ قولىقى شو
مسئلە ئوستيدە ديك بولوب تورودو.

مېنىڭ ئالدمدا رحيمجان، يوللاردىكى تاء ئيراتنى وە چوڭ واقعەلەرنى سوزلەب اوتدى. مەن شونڭغا قوشومچە قلب بر جاينى كرگوزوب كتيمەن. برنجى نوبت ماڭغانيمزدا ماشينا بلەن بيريب خطاى طرفكە اوتكەندە بزلەرنى لق يوردوك. ماناشدن اوتكەندە جاڭزا وە تازاق قربندا شلارنىڭ ئويلرى ويرانچىلققا اوچريغانلقينى كوردوك. بونىڭ سببى نمە ديگەندە؛ بزنڭ عسكرلريمز ئالغا بيسب مناسقا يەتكەندە دوشمەنلەر چكينب، مناس اطرافيدىكى خلقلەرنى كوچوريمز ديگەن بهانه بلەن خلقنى كوچيلدە بر يەرگە توپلاب ئيتب اولتورگەن.شونڭبلەن ئولارنڭ اويلرى هر طرفكە، چيچيلب ويرانچيلققا ئوچريغان ئيكەن.

ئەندى حاضر بز ئيلب بريواتقان مناكيرەگە اوتسەك؛ حاضر بز يورگوزوواتقان مناكيرەمز موفقيتلك كيتب بارامدو - يوق؟ ديگەن سوئالغا كيلمز. بو توغريدا حاضرقى واقتدا بزنڭ مناكيرەمز موفقيتلك كيتب باريدو ديگەن جوابنى برسەك بوليدو.

چونكى؛ بز برنجى نوبت بارغانيمزدا بزلەرنى، قبول قلش بلەن بزنڭ خلقمزگە يەرلك حكومت ( شەنگەنلكنڭ معاونلقينى) بەزمەكچى بولوب شەنگەنلك خطاى حكومتى طرفيدن بوم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



لسون ديگەن تكليفنى قلغان ئيدى. بو مذاكره
مزنى توختاتماسدينلا بېرلگەن تكليفنى خلقى-
مزگە ئيلب كەلديك. بو تكليفلەرنى حكومتى
مز مذاكره قيلش نتيجەسيدە بزلەرنى 2-نوبت
ينە مذاكره يور گوزوشكە ايبەردى. خطاى حكو
متينك وكيللەرى بلەن مذاكرەمزنى داوام قل
دوروش نتيجەسيدە كوب ئوتوقلارغا ئيگە بولدوق.
2 - نوبەتديكى مذاكرە نتيجەسيدە مركزى
خطاى حكومتى شرقى توركستان توپراغيدا
قايتادن حكومت قورغاندا ئونك 15 كشيسى ئوي
غورلاردن، قالغانلرى (10 كشيسى) خطاى حكو
متى طرفيدن بەلگولەنسون. هەمتوبەن ئيداره
لەردە ئش ئيلب بيرش ئويغورچە تيلدە، يو
قورى ئيدارەلەردە ئويغورچە وە خطايچە تللا
(يېزقدا) ئش يور گوزولسون. بوندن باشقا
مطبوعاتدە، سوزدە، سايلاشدا، تشكيلاتلار قو
روشدا تولوق حقوق وە حرلك بېريشنى، سودا
گەرلەرگە اوز اختيارى بلەن اچكى وە سرت-
قى سودالرينى قلشقا تولوق حقوق بېرشنى،
ملى عسكرى قسملەرنى ساقلاب قيلشنى وە تش
كيل قيلشنى تەكليف قلدى.
ديمەك برنچى نوبەتديكى مذاكرەمزگە
قاريغاندا؛ 2 - نوبەتلك مذاكرەمز يەر بلەن
ئاسمانديك فرق قليدو. بو ئشلارنك يوز بېريشى

بولسا، بزنڭ قوليەتلك گوچيمزنى خطاى حكوم-
تى تونوغانلقيلدور. خطاى حكومتى بلەن 120 سا-
عتلك مناكبرە قلىشيمز جريانيدا خطاى حكو-
مت وكيللەرى بزلەرنى 60 ساعت بومباردىمان
قلغان بولسا، بز خطاى حكومتينڭ وكيللەرينى
60 ساعت بومباردىمان قلدوق. (ئالقىشلار)

مناكيرەنڭ بيريشيغا قاريغاندا بونى موف-
قيتلك رەوشدە حل بولمايدو دەپ ئەيتالمايمز.

البتە مناكيرەمزنى ينە داواملاشتوروشيمز
نتيجەسيدە مسئلە تنجلق يولى بلەن حل بولوب
كيتيدو دەپ اوميد قليمز. ليكين «مسئلە تنجلق
بلەن حل بولىدىكەن» دەپ صفربرلكيمزنى بو-
شوتوش اصلا ياريمايدو.

ئەمدى بز ئارقا صفنى مستحكم قيلب عسـ-
كرلەريمزنى زيرەكلك بلەن توتساق، تنجلق يو-
لى بلەن بو مسئلەنى حل قلىشيمزغا هيچ قاندـ-
اق شەك-شبهە يوقدور.

1946-يلى 3-غينوار (ئازادشرقى توركستان دين)

# ضیالیلریمزنیڭ حاضرقی وظیفەلەری وە ئالدیمزدیکی سایلام

(1946 -- یل 25 -- سنتەبر کونی اورومچی
« مدنیت کلوبیدە » ئوچلغان ضیالی یاشلار
زور یغینیدا اولکولوك حکومت معاوین رە--
ئیسی ئەخمەتجان قاسیموف جانابلرینیڭ سوزلە--
گەن نطقی )

محترەم قیرینداشلار !

سزلر شهریمزنیڭ ضیالیلری اولکەمزدیکی
ئزیلگەن خلقنیڭ ایلغار وکیللیریدور سزلر.
سزلر اولکەمزنیڭ قیمتلیك گوللریدور سزلر. سزلر بزنیڭ
اوز شرائطیمزگە موافیق بلیم ئیگەسیدور سزلر.

بزنیڭ بووالریمزدین قالغان « بیلەکلیك بیر--
نی ییقەر ، بلملیك مڭنی » دیگەن اوز یڭزگە
معلوم مقال بار. مڭنی یەڭگەندین کیین همە
لریڭزنی حسابقا ئالساق توگیمەس قوەت بولا--
سزلر.

شونك اوچون مستبد كوچ اوزينك بلمليك-
دوشمنلرينى حياتليقدين محروم قليش يولى
بيلانلا يوقوتوشقا ترشيدو . مستبد كوچ اوزي-
نك سياسى دوشمنلرينى يوقوتوشدا اوصولدين-
مو ژير گينمەيدو .

شونك اوچون شك جاك اوزينك خوفليك-
سياسى دوشمنى بولغان بزنك ضيالبلريمزنى
يوزلەب يوقاتدى .

مثال اوچون ايلب قاريساق شورالر اتفاقي-
غا بريب اوقوب قايتقان اوچيوز اوتتوز نەچچە-
بالينك شك وە اوجوشى طرفيدين ايككى يوز
نچەسى اولتورولگەن . چونكى اولرمو سزلر گە
اوخشاش اوز ملتينك حقوق دعواچيلرى ايدى .
ملتينك قايغوسينى قيليديغان ، ملت غمينى يەي-
ديغان، ملت اوچون ايچينيديغان، ملت منفعتى
ديگەن جايدا جاننى قوربان قليشقا حاضرتور-
غان ، ملت عشقيدا يانغان ئالديينقى صفديكى
ئاگلىق ملت دردەنلرى ضياليلريمز دور. بو درد-
نك نە قدەر چوگليغىنى، عشقى اوتينك زورليغي-
نى بلمەك اوچون ئزيلگەن ملتنك ضيالى ئەلچي-
سى بولداق لازم. بزنى سرتدين كور گدنلرنها-
يتى تار ملتچيلر دەب بها بيريدو. اوز ملتيدين
باشقا هيچ كيمنى سويمەيدو دەب بيليدو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



حقيقت ئانداق ئەمەس، محكوم ملت ضياليلرينىڭ
ئەڭ زور خصوصيتلريدين بری، دنيانىڭ قايسی بور
جيگيدە بولمیسون، قانداقليكى ملت بولمیسون.
اگر او، ايزيلگەن ملت بولسا» اونی سويمەك
دين عبارەتدور.

شونىڭ اوچون ياوروپالقلر ئامريكاغا بريب
يرليك قەبيلەلرنی قريشقا باشليغان جاينىزنىڭ
محبيتيمز يرليك قەبيلەلر طرفيدە دور. كارتسلر
وە پيسادورلر قريلب يوقالغان يرليك خلق اوچون
نە قدەر نفرەتليك بولسا، بز اوچون موشونىڭ-
غا اوخشاشدور. ئەمدی، شو قتاردا ياوروپا
لق، ئامیريكاليقلر اوزلرينىڭ ئازادليغی اوچون
كورەشكەن جايلريدا بيزنىڭ محبيتيمز اولارطرەفی
دەدور. ئامريكاليق اوچون ژيفرسون - واشينغ
3 تونلار قانچيلك حرمتليك بولسا، بز اوچونمو شو
چيلك حرمتليكدور.

« بيريتانيەتاج سيندىڭ مرواريتی » توشوبقال
ماسليغی اوچون سپاييلرنی زەمبيرەك ئاغزيغا باغ
لاب ئاتقان انگليز ئادميرالی كوپير هندستان
خلقينىڭ قانچەليك دوشمنی بولسا، بزنيڭمو شو
قدەر دوشمينيمزدور. الحاصل 1860 — يللارديكی
پيكيننی اشغال قلب ايمپراتورسارايينی بولاب ئال
غوچيلار خطای خلقی ئالديدا قانچەلك جنايتچی

بولساق بىزنىڭ ئالدىمىزدا ھەم شۇنچەلىك جىنايەت-
چىدۇر .

خطاى خلقىنى تەئسىز حقوقلوق شرطلەرىلەر-
نىڭ يوقولىشى نەقەدەر شادلاندورسا، بر دولت-
نىڭ فقراسى بولوش ھېچ بىلانلا ئەمەس، بلكى
انسانىيتچىلك وە حقانىيت ئاساسىدا توروب قارىغاند-
دىمو بىزلەرنىمو شو درىجەدە شادلاندورودو .
دىمەك : بىزنىڭ ملتچىلىگىمز بر ملتكە عمو-
مەن قارشى بولىشىمزدىن كىلىب چىققان ملتچىلك
ئەمەس وە بلكى بر ملت وكىلى صفتىدە بو
ياققا كىلىب حاكم بولوب ايالب، بىزنىڭ ملتىمزنى
ملت ايكەنلىگىنى اضهار قىلىشدىن وە خلقىمزنى
يالغوزلا بر ملتنىڭلا ئادەملرى طرفىدىن حدى-
دىن تاشقرى ئىزىشدىن كلب چىققان ملتچىلك-
دور .

اولكەمردىكى خەنسو كشىلرىگە سالقىن قا-
راشلق اشلرى ئەنە موشو سببدىن كىلىب چىققان
بر ايشدور. سببنىڭ يوقولوشى بلەن او ايشـ-
نىڭ يوقولوشى طبىعى بر ايشدور. دىمەك: سبب
يوقولوشى بلەن ھېچ قاندق ھادثەلر بولماس-
لىقىمو چوقوم بر ايشدور .

ملتىمزنىڭ حقارەتلىنشى، ئىزىلىشى، بتونلەى
انسانىيت حقوقىدىن محروم بولوشى بىزنى تار
ملتچى قىلىدو

ملتیمزنڭ ئەركین بولوشی هقوقدا برابر
بولوشی تار ملتچیلكنی یوقوتودو. بو تاریخی-
مزەد عملی اثبات قلنغان بر ایشدور.

موندین 12 یل اوال اولكەمزدە مسلمان خلقی-
نڭ ملی ئازادلق قوزغولڭی اوج ایاب توور-
غان مزگیلدە اعلان قلنغان ملتلرنی حقوقدا بر
بر قلیش، پاریخورلوقنی یوقوتوش وە اولكە-
نی اصلاح قلش شعارلری خلقیمزنی تنچلققا ایل-
لب كەلگەن ایدی. شو قسقا مدتلیك خلققە بریل-
گەن ملتلرنڭ هقوق برابرلیگی نتیجەسیدە اول-
مزدیكی بلم اوچاقلری، ملتلرنڭ مدنی ئاقارتش
اویوشمالری موجود بولغان ایدی. مانا بو او-
یوشمالر ملتلر ئاریسیدا ئوشتەنچنی پیدا قلب
ملتلرنڭ حقیقی دوستلغینی تامین ایتشكەباش-
لیغان ایدی. وە هیچ قانداق هادیسەلر پیدا
قلنمیغان ایدی. شڭ-شی-سەی بو شعارلار-
غا عمل قلغان بولسیمو، كیین شعارلار ئاس-
تیدا خلقیمزنڭ همایەسیدە بولوب اوز حاكمیتینی
مستحكملەب ئالغاندین كیین اوزینڭ تاشلیغان
شعارلریننڭ بتونلەی عكسیگە ئیش ایلب بریش-
قا باشلیدی. بتونلەی ئارقیدا قیلب كەتكەن
اولكەمزنی اونیڭدینمو ئارقیغا ایاب ماڭدی. نەتی-
جەدە بر ئازغینە یوروقلوقدین كیین ینە سیاسی؟

اقتصادى، مەدەنى — معارف، عدليە حربى جهت—
تىن ايلىب قارىغاندا ئەڭ قالاق، دونيا دولتلرى—
نىڭ تونو گونكىسى بىزنىڭ بو گونكىمىز بولوب،
قالدى. اوز اولكەمزگە نسبتەن ايتقاندىموبىزنىڭ
بو گونىمىز اوز يەمىزنىڭ تونو گونكىمىز بولدى. را
ست بىزنىڭ بو گونكىمىزگە اوز گوروش كرگوزو
لگەن ايدى. او بولسىمو بتون تونو گونكىلر اوس
تىگە -- بو گونىمىزدە پالتىسىيە -- پاشىست ترتىپ
بى قوشولغان ايدى.

اولكەمزدىكى ئىزىلگەن ملتلر قولىغا ئالغان
برابرلىك هقوقىدىن بتونلەى محروم بولدى. برا
برلىك هقوق اورنىغا ئاسمىلاتسىيە سياستى يور—
گوزولدى. اولكەمزدە شو واقتدىن اعتبارەن خەنز
سوماتىگە بوتونلەى دشەنچىسزلىك يەنە مەيدانغا
كيلىب چىقدى. هقوقدىن محروم بولغان خلق
داسىا -- ئاستا منقرض بولوب يوقاب كيتشنىڭ
اورنىغا «ياكى اولوم، ياكى كوروم» دىب قولى
غا قورال ايلىب كورەش مەيدانىغا چىقدى. هقوق
كيلىب قالدى. وە حقوقىنى بريەەن ديگەن گونى
مركز حكومت بلەن مزاكيره باشلاندى. مركز
حكومت بلەن بولغان مذاكرە نتيجەسىدە اولكە
مزدىكى فاشيست ط. تيب ايلىنىب تاشلىنىب خلق-
چىلىق سياست يورگوزولمەك بولدى. خلقىمىز---
ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتوروديغان بولدى. مانا بو
شرطلر ئاساسىدا خلقىمىز تنچلىقغا كەلدى.

دیمەك: بزنك بو قتیمقی حرکتیمز یالغوزلا ملی ئازادلق حرکت بولماسدین شونوك بلەن بللە خلقچللیق، سیاستنی «تورموشقا ئاشوروش وە اورنوتوش» اوچون بولغان حرکت ایدی. دیمەك: بزنك ملی ئازادلق حرکتیمزبتونلەی بر ملتکە قارشی حرکت ئەمەس وە بلکی او ملت ایچیدیکی مستبد عنصرلر وە ظالم استبدادجاکمیت، طرفدارلریغا قارشی حرکت ئیدی. دیمەك: خلقچمز خصوصەن ضیالیلریمز منا شو نقطەنی نظردەتوروب ایش ایلب بارماقلری لازمدور.

خەنسو ملتینك ضیالیلریمو موشو نقطەنی نظرنی ئەسدە توتوب ئیش ایلب بارماقلری لازم بولیدو. خەنسو ملتینك ضیالیلری بزنك ضیالیلریمزنی اوزی بلەن عملدە برابر دەپ بلسە وە اونکغا برابرلیك ئاسیسیدا توروب معامیلە قیلسا، او، ضیالی بزنك ضیالیلریمزنك صمیمی دوستی بولالایدو. وە اونك خرمتیگە دوچاربولالایدو.

دیمەك: هر کشی «خلقچیلقنی تورموشقا ئاشوروش وە اورنوتوش» مسئلەسیدە بر مقصددە بولغانلیقیدین وە حقوقدیمو برابر بولغانلیقدین برلیکتە ایشلەلەیدو. دیمەك: برلیك

خلقنىڭ حقوقىنى وە ئەركىنلىكىنى عملدە تونىماق
كېرەك . وە او حقوقنى حرمت قلىشنى بلمەك
كېرەك. ئاندىن كېين اونىڭدىن حرمت كوتمەك
كېرەك. دېمەك موشو پازىتسىيەدە تورغوچىلار
كيمىكى بىلمىسون بىزنىڭ دوستىمىزدور. بو پازىت
سيەدە بولمىغانلار كىمىكى بولمىسون بىزنىڭ
دوشمەنىمىزدور. طبيعى مستبدچىلار بو پازىتسيە
دە بولالمايدو . وە اولار بزگە هر قاچان دوش
مەنلىك قىلىشقا حركت قيليدو. خلقىمىزنىڭ طلبى
تاعمين ايتلسە، تنچلىققا كېلىشى طبيعى بر ئىش
ايدى، بىز مركز حكومت وە كيلاى بلەن كوب تا
لاشلار قىلغاندىن كېين « ئەركىنلىك، برابرلىك
خلقچىلق، ئاندىن كېين بىرلىك و تنچلىق» دېگەن
ايدوق. جاڭ بو جاغمو بزگە «تنچلىق بىرلىك، ئەر
كىنلىك وە خلقچىلق » دېگەن تكليفىنى قويدى :
وە حقيقتدە جاڭ بو جاڭ اولكەمىزنىڭ احوالى-
نى توغرى ئاڭلىغانلىقىنى بيان قلغاندىن كېين
بو تەكليفىنىمو قبول قلدوق. نتيجەدە تنچلىق بىر-
لك تاعمين ئېتىلدى. ئەندى بتون اولكەمىز بويون
چە اركينلك ، برابرلك، خلقچىلق تاعمين ئېتىلش
لازم .

1 -- بز مركز حكومت تصديقلىگەن بتىمنىڭ
ماددەسىدە « حكومت شڭ جاڭ خلقىغە اولرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ئىشەنگەن يەرلىك خەلقلەرنىڭ مەمۇرى ئىدارىلەر سايلاش ھوقۇقى بېرىلدۇ» دېيىلگەن. دېمەك: بۇ مەركەز قوبۇل قىلغان پرىنسىپلاردۇر. شۇڭا ئۈچۈن يېقىندا جەنۇبقا بېرىپ ئۈچ - تۆرت شەھەردە مەجلىس ئېچىپ، مەجلىسلەردە «كىمكى ھازىرقى ئەمەلدارلارنى ئورنىدىن ئېلىپ تاشلايمىز دېسە ئاۋاز كۆتۈرسە بولىدۇ، تولۇدۇ» دېگەن ئەمەلدار. خەلقچىللىق سىياسىتىنى دوشمەنيلەر. شۇنىڭغا ئوخشاش يېقىندا جەنۇب شەھەرلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ خەلق يىغىنلىرىدا، تۇپلاپ: «سىزلەر ھازىرقى ئەمەلدارلارنى ئېلىپ تاشلايمىز دەپ خىيال قىلىشىڭلار، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئۆزگەرتكەن بولىسىزلەر. سىزلەرنىڭ ئۇلار بىلەن بىرگە يوقۇتىمىز. بىز ئۈچۈن بىر — ئىككى شەھەرنىڭ يوق بولۇپ كېتىشى ھېچ نەرسە ئەمەس. بىزنىڭ خەلقىمىز كامچىلىگىمىز يوق 450 ملىيون خەلقىمىز 4 ملىيون ئەسكىرىمىز بار. قولىمىزدا ئەڭ ئىلغار دۆلەتنىڭ ھەربى تېخنىكاسى بار» دېگەن ھەربى ئادەم مېنىڭچە بۇ خەلقىمىز ۋە مەركەز ھۆكۈمەتكە ۋەكىل بولالمىسا كېرەك. شۇنىڭغا ئوخشاش بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىزنىڭ ئاللىقاچان خالىتىسىغا چۈشۈپ ئۆزىنىڭ خەلقچىللىق چاپىنىنى كېيىپ ئېلىپ بىزنى قوزغۇۋاتقان دەۋەت قىلىدۇ. چىلار ئۇنىڭغا ئىشەنگەنلەرمۇ بىزگە دوست

بولالمايدو. او، توغرولوق مەن اوز مقالەمدە ياز
غان ئىدىم.

شونىڭ اوچون بىزنىڭ سايلام مناسبت بىلەن خلق
قە قىلغان مراجعتىمىزدە منا موشونوڭغا اوخشاش
ئادەملەرگە قارىتىپ، «اولكىدىكى حكومت قورولوب
ئىككى ئاي ئىچىدە ئارتوق بىر مەزگىلدە، ئاز سانلىق
عنصرلەرنى خلقچىلىق، حرلىكنىڭ
ماھيتىنى تونوشمىدىن خلقچىلىق حرلىكنىڭ
دائىرەسىدىن چىقىپ كەتكەن سوزلەر و حركة
لەرنى پەيدا قىلغانلىقى ھەم كورولدى» دېيىلگەن ئىدى.

ئاز كوندە اولكومىزدە سايلام اوتكوزدى. ساي
لام جنوبىدىكى خلقىمىزنىڭ اوستىدىكى ايغرچىلىق
لەرنى ايلىپ تاشلايدىغان قارا سياستلەردىن يوروق
چىلىق، خلقچىلىق سياستىگە عملدە اوتوديغان بو
رولوش نقطەسى بولمىغى لازم بولودو. منا بو
بورولوش مستبدچىلەرنى مستملىكچىلىك سياستى
نى داوملاشتوروشنى ئىستىگوچى متعصب عنصر
لەرنى چوچىتىدى. اولار استبداد ظلوم حاكم
يتىنىڭ اولكومىزدىن بوتونلەي يولونوپ كتىشىدىن
چوچىدى. شونىڭ اوچون اولار ھر خىل بهتانلار
بىلەن ترقيات طرفدارلىرىنى قارىلاپ اغوا تشكيل
قىلىپ خلقىمىزنى قورقوتوپ قارا ئىشنى — سيا
ستىنى ساقلاپ قالىشنى استەيدى. اولارنىڭ ئاز اسىلدا

خلقىمز تنچلققا كيلب قولىدىكى قورالنى يغش
توروب قويغاننى كوروب، ئاسانلق بىلەن استبداد
حاجتىنى قايتا تيكلەشكە امكانيت توغولسدى
دەب اويلاديغانلريمو يوق امەس ايكن. دولت بر
ليگى اوڵكه تنچلغى مذاكرە نەتيجەسيدە قبول
قلنغان 11 ماددەليك بتم نەتيجەسيدىلا قولغا كل
گەنلگىنى اولار اونوتماسلغى لازم. خلقنى قورقو
توش يولى بىلەن ئەمەس و بلكى بتمدە كور
سوتولگەن حقوقلرنى خلقيمزگە تولوق بريش
بيلەنلا و تنچلقنك اولكەميزدە ابدى بولوشىنى
تەمين قيلشقا بولىدو. بونكغا ئشەنسەك بولي
مو. ليكن بتون اولكه خلقيمز اولوب تمام بولوب
كتشكه راضى بولىدو. اما قول بولوشىغا را
ضى بولمايدو. ديمەك: بتون اولكه خلقيمز 11
ماددەليك بتمدىكى حقوقلردين تاشقارى حقوق
طلب قلمايدو. ليكن شو 11 ماددەدىكى كورسو
تولگەن حقوقلرنك كەميتيپ قلنشىنىمو راضى
بولمايدو. ديمەك: ضامنلريمز موشو ئاساسدا
توروب خلقيمزگە بەرگەن كولەمدە توشەنچە بير
ريب خلقيمزنى ئاللىمىزدىكى سايلاوغا تەيارليشى
قى لازم بولىدو. امدى بزنك خلقيمزگە نسبە
تەن بولغان واكالەتلكيمزگە كيلەيلى: هردايم
خلقيمزنك طلبى نامەين ايتلگەن جايدا بز بار

ئونچەرلەری بېرلیشب ئازات، ار كینلك، برابرلك
تلیگوچیلارگه قارشی صف تشكیل قلشقا اوروە
لدی. یوقولوشقا یوز توتقان دنیا ریئاكسیئونیر
لرینك برلەشمه كوچی نتیجەسیدە، ئایرم مملیە
كتلارده خلقچیلق طرەفیدن ضربەگه اوچـراب
یوقولوش ئالدیدا تورغان دنیا ریئاكسیئونیر
( عكس الحركتچی ) لرینك دوملاقچیلاری دمس
تملكەچیلك سیاستینی ساقـلاب قیلش، استبداد
حاكمیتینی تكلەش، دنیا خلقینی قـایتا قـول
قلش ایشینی یورگوزوش اوچون حركەتـكه
كەلدی.

شوجملیدن مملكەتیمیزگه ریئاكسیئونیرلر هر
كەتكه كیلش بلەن اولكەمزدیكی ریئاكسیئونیر
لارنی حمایه قیلب كوچاەیدروب، خلق وكیللری
نك؛ خلقچیلقنی بتون اولكه بویچه قانات یاید
ورمز دیگەن بیوك امیدی مستبد عنصرلرنك هر
طرەفلیمه توسقونلوق قلیشی نتیجەسیده عملگه
ئاشمیدی.

شونك اوچون ملی ئازادلق حركتنك 3 —
یللقی بولغان بوگونكی كونده اولكوده یـوز
بگوزولگەن قورولوش اشلری مـدنی معارفنك
وكسولوشی، خلق تورموشینك یاخشیلنشی، یە
یڭی اوستەلەر چیقیب یڭی یەرلرنك ایچلیشی

...... يىل تورمەدە يتىب، مۇشۇ قىيىمەقى بىتىمگە بناڭەن. تورمەدىن چىققان كىشى .

3— قاسىم جان غازىينىڭ تورمەدە يتىب كىچ قورۇن كوزى كورمەس بولۇب قالغان كىشى.

4— قاسىمجان غازىينىڭ اوييىدە خاتونى وايىكى كىچىك بالىسى بار. و ھاكذا ...... شونىڭ ئۈچون البتە مونداق كىشى تونوگون تورمەدىن چىقىب ھەرگىز قاتىللىق قىلمايدو. و ئۇرومچىدىن ھىچ ياققا كەتمەسلىكىگە كىفل بولىمىز. كىرەك وقتىدە ١٢ چاقرىب ئالسا، بز ئونى حاضر قىلەيمز. بوشو توببرسە دىگەندىن كىين بزنىكى معاون رئىس بللە عدالتچىلىك خواجەسى بلەن كوروشوب بو سوزلەرنى ئەيتقان ئىدوق. ئو كىشى بزگە « ئوچ كوندىن كىين ئوچوق سود بولىدو » دىب جواب بردى. بو جوابقا قنا عتلىنىب بزگە كەلگەن كىشىلەرگە: « ئوچ كوندىن كىين ئوچوق سۇد بولىدو ئەگەر جنايتى اثباتلانسا تىگىشلىك جزاسىنى تارتىدو. ئاقلانسا بوشو تولىدو » دەب جواب بەردوق. كەلگوچىلار قناعتلىنىب چىقىب كەتدى. ئارىدىن 5 - 6 كون ئوتكەندىن كىين جماعت ينە كىلىدو. بز بورھان افندىم ئىكىمز نھايتى خجل بولوب ئولارگە ئەتيالىككە جواب بەريشنى وعدە قىلىب قويوب ئەرتيسى «عدالت-

چىلاك مەدانىيەتچىسىگە » يەنە فايناسوال تاشلىغان ئىدوق. قانون ھەمايەچىسى بزگە: « ئو كشى ئاقلاندى. ئىشلرىنى رسمىلەشتۇروب 5 كىن ئىچىدە چقرىۋىتىمز» دىدى. بزجوابنى جماعەتكە قايتۇردوق. ئارىدا مەن غولجىغا برىب قايتدم. بوئوتتورادا ئىككى ئاي ئوتوبدو. مەن تاشو كونگىچە عدليە تيليدە 5 كوننك قانچەلك وقت ايكەنلىكىنى بلمىگەن ئىكەنمەن. مەن ئونگغا خفا بولغونوم يوق. ليكن براونڭ مىنى ئالداش نىيچەسىدە مەن خلقمنى ئالدىغانلىقمغا خفا بولدوم. بورھان افەندىمو خوا بولغان بولسا كىردك. ئەنە احوال شونگدن عبارەتدور. البتە قسم جان ، خان بابالەر حقيقتدە جنايت قيلغان بولسا جنايتى قانچەلك بولسا شونچەلك جزا بىرىش تارتماقى لازم . مسئلە ئونگدا امەس مەن بو مثالنى بويەرگە كەلتوروشدىكى مقصيدم ئەگەر ئولكولوك حكومتنك ئەڭ چوڭ منصبدارلرى سىلىقلق بلەن شو قدر اخمق قىلسا عايلاردىكى ظالم قانون ئىگەلرى خلقيمزنى نەقدر قاتتقلق بلەن ئىزەر ئيكەن دىمەكچيمەن. مەن بو مثالنى بو يەرگە كەلتوروشدىكى مقصيدم بزنڭ دايرم قيينچىلقلرىمز ئەنە شولەرگە ئوخشىغان قيينچىلقلەردن عبارتدور دىمەكچيمەن. راست بز «عدليە ئورگانىغا يرلىك ضيالى كادىرلرنى جەلب قيلىش بلەن برابر

عدلیه ئوزینینك بتونلیگینی البته ساقلایدو» دیگەن پرینسپنی، قبول قیلغان ئیدوق. حاضر عدلیه ئورگانلرینینك بتونلەی ئوز گەرمەی تورووشینینك سەببلری ئەنە شونینگغا توخشیغان عدلیەتلیدیکی کون حسابینینك ئوزاقلیغیدادور. اگر بو بوتونلوك موشوندااق ئیشلاردین عبارەت بولسا، اولکولوك حکومتکه قیین بولودو.

شونینك اوچون طبیعی اولکولوك حکومت «ئاز کونده عدلیه ئورونلریغیمو، اولکولوك حکومتینینك سیاسی ئیشلارنی عملگە، قویوش قوللانماسیغا» موافیق ئوز گوروش کیرتیدو. شونینگغا قەدەر ضیالیلریمیزنینك بو ساحەدیکی مهم وظیفەسی سایلامغا تیاگرلیك کوروش بیلەن بللە، خلقیمزگە اولکولوك حکومت طرەفیدین قبول قیلینغان: «خلقلرنی قانون سیز توتقونغا، قاماشقا ئیلشقا و جریمانه قویوشقا روخصت قیلینمایدو. ینه حقوقی بولمیغان ئیدارەلرگە قانون، ترتیب بویینچه هیچ کیمنی توتقونغا، اماققا ئیلشقا وە سوراق قیلیشقا هملە جریمانه قویوشقا روخصت قیلنمایدو. هر قاندااق ئیدارەلرنینك وە دینی ئورونلار نینك خلقغه تەن جزاسی بیریش منع قیلینیدو.

خانم-قیزلەرنینك سیاسی، اقتصادی، قانونی

اجتماعی، معارف جهتلریده برابر حقوقلوق بولوشیغا کفالت بریدو دیگەن قانوننی یاخشی توشونوب توروب، ئونونگغا عمل قلمایدیغان عنصرلار بولسا، ئولارنىڭ سىرلىرينى فاش قىلىشدین عبارەت بولودی. وە خاتیرەنىڭ عرض دا دینی تزابکە، جاھىللىق ئویلاری، عادەتلىرى بىلەن تكشوروب بریشنی طلب قلیب-خالققه یاردەملشیش دین عبارەت بولودو،

(«انقلابی شرقی تورکستان» گیزیتىنىڭ 1946-یلی 6-نويابردیکی (164) 77 سانیغا باسلغان)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



12 - نویابر ملی ئازادلق انقلابیمزنڭ
3- ییللیغینی خاطرەلەش یغینیدا

# معاون رەئیس احمد جان قاسیمی جنابلرینڭ سوزلیگەن نطقی

محترم قرینداشلار !

بوگون بزنڭ خلقیمزنڭ عصرلردین بیری بوینیغا سیلنیب کەلگەن استبداد زەنجرلرینی اوزیمز ددب ملی ئازادلق کورەش میدانیغا چقـقنیغا 3 یل تولغان کون. شو جملەدن بتون دنیا ارکین خلقلری اوستیگە قوشومچە قوللوق زەنجرینی سالیمەن، دنیانی یالغوز ایگدارچیلق قایمەن، دنیا خلقینی یالغوز اوزەمگە بوی سوندورمەن ددب 2 - دنیا سوقوشینی باشلیغان دوندیا فاشیزیمینڭ تار - مار بکەلتورولوب هلاکتکە اوچریغینیغا 2 یل تولوب ئاشقان بر منگل .

2 - دنیا سوقوشی باشلینب، خلقچیلصف،
انسانیت جمعیتینك الڭ اشلی دوشمەنی بولغان
فاشیزمغا قارشی کورەش ایلب بریواتقان، بو-
تون دنیا ارکنلك سویگوچی خلقلرگە فاشیزم
بلەن قوللوق یوقولودو دیگەن امید توغولغان
ایدی. ئەنە شو امید بلەن بتون دنیا ئازادلق
پروەر خلقی سفر - بەر بولغان ایدی.
فاشیزم، برلشکەن خلقچیل کوچنك انسا-
نیت دونیاسی تاریخیدا کورولمیگەن مادی قوی-
چیلغی و انسانیت دونیاسی تاریخیدا کورولمە-
گەن قربان بریشلەر نتیجەسیدە یەر بلەن یەك-
سان قلندی. انسانیت دنیاسینك اشلی دوشمە-
نی بولغان فاشیزمنك هلاکتی، بتون دونیا خلقی-

نی خصوصەن قوللوقدا یاتقان مستملیکە اللر-
نی سیاسی ارکینلکیدین و ئازدا، هر بختلك تور-
موشدن امیدلەندورگەن ایدی. فاشیزمنك تار-
مار کەلتورلوش بلەن دنیا خلقینك ارکین
حیات کوچوروشگە ودنیادا ابدی تنچلق اورنو-
تولوشقا زمین هەم حاضرلانغان ایدی.
اما فاشیزم هلاکتکە اوچروشی بلەن دونیا
مظلوم اللری ارکنلیك طلب قلیپ میدانغا چق-
قاندن کیین، دنیا ریاکسیونلری بونگدین
نهایتی قورقوب کەتدی. شونگ بلەن دونیا ریاکسی-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مىز» دېدىلارق. بو قورۇق سوز بولماسلىقى ئۈچۈن
ئەمەلدە بولمىقى لازم. خەلقىمىزنىڭ ئوستىدىن بىر
مونچە ئۇيغۇرچىلار كۆتۈرۈلگەن يوق
ھەممىسىنى ئىيتىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.
ھەمىدىن بىرى تاموشو كونگىچىكە ئولكىمىزدە
ئەڭ ئەدالەتسىز ئورۇنلار نىڭ بىرسى ئەدلىيە ئورۇن
لىرى بولوپ كېلىۋاتماقدا. ھەتتى دوتەندىن ئورۇمچىگە
كىچىك بىر ئىش ئوستىدىن پىيادە ئەرز
ۋە دا دىيىنى يەتكوزوش ئۈچۈن بىزگە كەلگەن
ئادەم ئاز ئەمەس، ئولارنىڭ دەردىگە بىز دەرھال
دەرمان بولالمايواتىمىز. ئوزاق جاي نىڭ مەسىلەلەرى
بوياقدا تورسون ئورۇمچى ئوزىدە بىز يالغاز
چى بولغان جايىمىز يوق ئىمەس.

مەن كىچىك بىرمىسال ئەيتىپ بىرەي: مونىداين ئىكى
ئايلار بورون ئون نچە كىشى بىرلىشىپ «لىيوتچىنى ئولتوردى» دەپ توتقونغا ئىلىنغان قاسىمجان
غازى دىگەن كىشىنى تىلەپ بورھان ئەفەندىم ئىك
كىيىمىزنىڭ ئالدىغا كىرىدى. ئولارنىڭ قاسىم غازى
لىيوتچىكنى ئولتورمىگەنلىكى توغرولوق دەلىللىرى
شونىڭدىن ئىبارەت.

1 — قاسىمجان غازى ئوزى ئوقوغان ضيالى
ئادەم ئىنسانپەرۋەر كىشى ھەرگز ئادەم ئولتورمەيدو.
2 — قاسىم جان غازى سىياسى مەھبوس بولوپ

و باشقيلار توغرولوق سوزلەشكە هەم اورون قالمىدى.

بو حقدە اولكەنڭ اچكى احواليني قايتا تكرارلاشنڭ حاجىتى يوق. چونكى، يقيندا جاڭ جڭ جوڭ افنديڭ خطيگە يزيلغان جواب خطيمزدە بر يللق جريان اچيديكى اوتولمش واقعەلرنى بيان قلغان ايدوق.

اولكومزديكى ريئاكسيئون مستبد عنصرلر اوز اختيارى بلەن ميداندىن كتشنى خالىمايدو. اولار علاجى بولسا، خلقچىلقنى بوغوشقا و ئنىو نى تار — مار قلشقا اورونيدو. لكين اولكومزدە خلق كوچى مستحكەم بولوشقا اونى بوغوشقا عاجزلق قلب، برلەشكەن كوچنى بولوشكە حركت قلىدو.

منا بو مستبد قالدوقلرينڭ استبداد حاكمىتينى قايتا تكلەب قولللوق سياستينى يورگوزوشيديكى بردين — بر قولللونيديغان يولى و اوصولى. اولكوديكى مستبد قالدوقلرى و ريئاكسيئون عنصرلر خلقچيلق كوچنى براق بوغوب تاشلاشقا كوچى يەتميگەنلكدين، خلقچيلق كوچنى تشكيل قلغان خلقنڭ برلەشكەن كوچنى بولوش و پارچىلاشقا اورونەواتيدو.

همه مىزگه معلوم، بوتون خلقیمز اولکه خل
قینک خلقچیلق ئاساسیدیکی تنچلقینی تامین ئی
تش اوچون حرکت قیلیواتقانلاردیا کسه ئون عن
صرلر، خلق تنچلقینی بوزوب سیاسی کوره ش
قیلیپ، عدالتکه قارشی ناحق کوره شی عملگه ئاشو
رالمیغانلقیدن، حربی باسقونچیلوق قیلشقا توتوندی.
ئولارنینک 2 قیتیم باسقونچیلوق قوراللق حرکتینی
یوز کوزوب باقدی. بوندن ئاشقورق اوز اچیمز
دین ئاییریم منصبکه قزیققوچی، پولغا ئالدانغو
چی، اوز خلقینک منفعتیگه قارشی حرکت قیلدی
غان قارا یوز عنصرلرنی سیتیب الیب، اولارنک
قولی بیلەن قوراللق کوچ تشکیل قیلیب، بوتون
اولکه خلقینک خلقچیلق ئاساسیدیکی تنچلقیغا
کفالت بیریدیغان 3 ولایتکه هجوم قیلیب، باشقا
ولایتلرنی 3 ولایتکه قارشی قویوب، 3 ولایت خلقی
نینک قانلار و عزیز جانلار بیلیگه کیلگەن ستقو
قینی یوقاتماقچی. بو حرکت بوگون هیچ بر سر
امس، هممیگه معلوم.

دوشمەنلەرنینک بو خیالی خام خیال! عکس ال
حرکتچی عنصرلر خلقنی قول قیلیش حرکتی
نی قانچه جدیلەشتورگەنسیری خلق صفی چیکه
ماقدا! عکس الحرکتچیلەر بارلق کوچی بیلەن
چیقیلیب 7 - ولایت خلقینی 3 ولایت خلقیغه قار

شى قويوشقا اورونغانسېرى 7 ولايت خلقىنىڭ محبتى 3 ولايت خلقىغا ئارتماقدا. ( ئالقىشلار )

عكس الحركتچىلر بارلىق وجودى بلەن 7 ولايت خلقىنى 3 ولايتكە قارشى قويوب باسماچى لق يول كورسەتكە حركت قلسا، بتون اولكە خلقى، خلق حقوقىنىڭ كفالتلىگى و تنچ خاطرجمع ياشاش تورموش كفالتى يالغوز 3 ولايتدە ايكەنلىگىنى كورمەكتە. نتيجەدە عكس الحركتچىلر بزلرگە نسبتەن كولىشان اوروشغا اوزلرى چوشمەكتە! ( ئالقىشلار )

قدرلىك قرينداشلار !

بو كون بز- غولجە شهر ئازاد مىدانىدا! ازكىن حيات كوچور كوچى خلق، ئوز يەرنىڭ ازكىنلىگىنى بايرام قىلماقدىمز. ياخشى بلشىمز كورەك، بز بتون اولكە خلقىنىڭ بخت، سعادتلىك تورموشىنىڭ كفيللىگى خاطرجمع ياشاشنىڭ كفللىگى وە تايانچى يالغوز موشو 3 ولايتدە ايكەنلىگىنى كورسەتمەكدىمز.

3 ولايت خلقى سياسى حقوقنى قولغا ايلىپ، خاطرجمع كون كوچوروش بلەن مغرورلىنىپ، تنچ تورموش يارىمايدو. بتون اولكە خلقىمز هم ئازاد چقىشنىچىلدە امەس. عكس الحركتچى عنصرلرنىڭ اغوا حركتلرىگە يول قويماسلىق اوچون صفنى مستحكم چكىش بلەن، خلقمزنىڭ تنچ حيا

تى وه خاطرجمعلىگىنى ساقلاش اوچون، عكس الحركتچىلارگه اجللك ضربه‌لر بېرىش ضرور. بزلرگه يېنه ايلگرى كېيدىن هم مستحكم به‌لنى باغلاب عكس الحركتچىلرگه قارشى كوره‌ش قلش كېره‌ك.

بز اركين حيات كوچوره كليمز. بز اركنلكيمزنك 3- يىللىقىنى باي‌رام قلماقديمز. اركنلك اوچون كوره‌ش باشلىغان بو كونيمزنى بتون اولكه خلقى بلەن برلكته خاطرجمع تنچ حيات باشلانغان، خلقچىلىق اولكه بوينچه جارى قلنغان كونى موندين هم طنطنه‌ليك اوتكوزولوشنى اميد قليمز.

(گولدوراس ئالقشلار)

شونك ئوچون اركين حيات كوچور گوچى خلقنى بو گونكى اركين ميداندا اوتكوزيلگەن بايرام بلەن تبريكلەب موندين كين هيچ چارچيماي بەلنى محكم باغلاب، كيچه- كونلوزلەب بتون اولكه‌نك تنچلقينى ساقلىماق، خلق چيلق سياستىنى حمايه قلماق اوچون، خلقيمزنك خاطرجمع تورموش كوچوروشى وه اولكه اقتصاديني مستحكملەب خلق تورموشىنى ياخشىلاش اوچون وه اولكه خلقىنك عمومى مدنيتىنى يوقورى كوتوروب، يىڭى زمان علمىنى ايگه‌له‌ب، اولكه‌نك عمومى ترقياتىغا قاراب يوكسلوش و پارلاق استقبالى اوچون محنت قلشنى اميد قليمه‌ن.

شونىڭ بىلەن بۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ قولغا كەلتۈرۈل
گەن سىياسى ئەركىنلىك ھوقۇقلىرىنى، بىرلىك ئىتتىپاقىنى
چىڭ تۇتۇپ تولۇق ھىمايە قىلىشقا چاقىرىمەن.

( گولدوراس چاۋاك و موزىكا ) ،

(«ئويغان» گېزىتىنىڭ 1947-يىل 20-نويابىر دىكى
14 - سانىغا بېسىلغان)

# ئوزەلمەس افلاسلارنى
# نيمە قلماق لازم

( اولكولوك حكومت معاون رەئيسى
احمدجان قاسيمينك مخصوص مقاليسى)

استبداد ظالم حاكميتينك دەوريدە خلق
نىڭ ئەشەددى دوشمينى بولغانلار ئاساسەن جلك
ووچو خدمەتچيلرى ئيدى. طبيعى ئولاردن خلقى
مز هەدىدن تاشقرى نفرەتلەنگەنلكلرى ئوچون،
ئولارغا نهايتى دەريجەدە ئوچ ئيدى. ئولكومز
دە ئستبداد ظالم حاكميتى كوتورولوب، دەست
يىلى قارا سياست پوتونلەى يوقوتولوب، خلقچى
لىق سياست تورموشدا عملگە ئاشورولداق بو
لوب، بر بتمگە كەلگەندن كيين، «فتلقى ادم
من ربە كلمت فتاب عليه انه هو التوب الرحيم» (ئا
دەم رەبىگە يالوروب توبە قلدى. الله تعالى ئو
نىڭ توبەسينى قبول قلدى. الله توبە قلغانلار
نىڭ توبەسينى قبول قلب رەحيم نەيلەيگوچيدور)
گە ئاساسلينب، ئولار اوتموشدىكى ئشلرى ئو

چون الله ئاللدیدا توبه قیلب ئادەملەری صداقتلك بلەن خدمت قلورلار دەپ ئومید قلغان ئیدوق. حقیقتدە بولارنڭ عکسەرینی بورونقی قلمش لەری ئوچون پوشایمان قیلب، الله ئاللدیدا توبه قیلب، بزنڭ ئالدیمزغا کیلب، ئالغان عمرینی خلق ئوچون صداقتلك بلەن خدمت قیلشقا بیغشلیغانلری توغرولوق وعدیلەر بیرب، عملدە ئسبات قلماق ئوچون خدمت قلماقدیلەر. لیکن ئولارنڭ ئاریسیدا منافقلار بولمای قالمیدی.بو لار حاضر مستبد عنصرلەرنڭ دوتارلریغا ئوسول اوینوماقدا.

جنابی حقنڭ «ومن الناس من یقول امنابالله وباالیوم الاخر وماهم بمؤمنین یخادعون الله والذین امنوا وما یخدعون الاانفسهم ومایشعرون فی قلوبهم مرض فزادهم الله مرضا ولهم عذاب الیم بما کانوا یکذبون واذا قیل لهم لاتفسدوا فی الارض قالوا انما نحن مصلحون. الاانهم هم المفسدون ولکن لایشعرون واذا قیل لهم امنوا کما امن الناس قالوا انؤمن کما امن السفهاء الاانهم هم السفهاء ولکن لایعلمون واذا لقوا الذین امنوا قالوا امنا واذا خلوا الی شیاطینهم قالوا انا معکم انما نحن مستهزئون.» دیگنیدەك مستبد کوچ ئولارغا 5-6 میلیوننی بیرب قویوب قولیغا خنجر بەرسە ئولار اوز ئاناسینی سویوش

بلنمو يانمايدو. بز بتمگه امضا قلغاندن كيين،
خلقنى هميشه خاطرجمعلككه دعوت قيلب تور
ساق، بو منافقلار خوجالرينك تاپشوروقلرينى
بجرمەك نيتيدە خلق ئاريسيغا اختلاف سالماق
ئوچون فتنه تارقتيب، اغوا تشكيل قيلب يور
گەنلريمو، يوق ئەمەس ئيكەن. مثال كەلتوروب
گيتەى؛ بوندن بر ئيككى ئاى بورون منك
ئالليمغا كريب: «مەن جلكووچودە بورون خذ
مت قيلاتدم، بورون قارا سياست يور گوزولوب
تورغاندا خذمت قلماسقا علاج يوق ئيدى. مەن
خلققه قارشى خذمت قلدم. ئەمدى مەنى يەنگى
حكومت پالانچى جايغا ساقچى اداره باشلقيغا
بەلگولەپدو. مەن اوتموش ئشلرم ئوچون تو
بە قلدم. ئەمدى خلقم ئوچون خذمت قلمەن»
دەب ماڭا ئاىوەعلەبەرب چقب كەتكەن ئيدى.

يقيندا چوچەككە بارسام، شو منافق اوز
ئاناسينى بر كشى بلەن 4-3 تاغار چاى، وە بر
ئاز پول بلەن چوچەككە يولغا سيلبتو. ئولار
غا تاپشورغان تاپشوروقلرى:

1 - چوچەك ولايتيدكى اداره باشلقلرى
وە حاكملرى ئسملرى وە ملتى نيمە؟

2 - چوچەك ولايتيدە قانچەلك عسكرلەر بار،
وە ئولارنك قوراللرى قانداق؟ قايەرلەردە تو
رودو؟

3 - ھمتسز رەك وجدانسز راق رھبرلەرنی ئاكسزلارنی سپتب ایلب، طرفدار تشكیل قیلب ئارا بوزوش حركتینی قیلش، بو پەس طبیعتلك اوزینك قپرتی ئاناسینی ئاواره قیلب یور گونچه شو سوئاللارنی ماڭا بەرسە، مەنموشو یەرنك اوزیدیلا تولوق جواب بیرەر ئیدم.

برنچی سوئالغا جواب:

چوچەك ولایتی قازاق، ئویغور، مانغول، تاتار، اوزبەك ئەللریدن مركب ولایت بو لغانلقدن ئو، ولایت اداره باشلقلری وە حاكملری شو خلقلەردن سایلانغان ئیدی. ئولارنك ئسملری توبەندیكیچه:

چوچەك والیسی: باشبای - قازاق

معاونلری: قاسم ئاخون- ئویغور، عالمجان- ئوزبەك

معارف اداره باشلقی: مقصودخان - قازاق، معاوینی محمودجان - ئوزبەك.

سافچی اداره باشلیغی: عبدالعزیز - ئویغور، معاوینی : احمدعلی-قازاق.

گزیت اداره باشلیغی: دوبەك-قازاق، معاوینی: ز. عبدالقادیر- ئویغور.

عدلیه محكمه باشلیغی: دوسەمبی-قازاق، پولك كاماندیری: عبداللەخان-ئویغور، برنچی، ك-ا

مانديرى: بالقاش-قازاق، حاكىم عمرئاخون-ئوي
غور، معاوينى ئلياس-قازاق.

يەر-سو ادارە مديرى: لاكپف - روس، معا
وينى: عادل بك. قازاق.

صحيه باشلىغى: محمديوسف-ئوزبەك، معا
وينى: عبدالحى تاتار.

ماليه باشلىغى: واقاس--تاتار. معاوينى خضر
- قازاق.

دوربولجين حاكىمى: نورصفا -قازاق، برنچى
معاوينى: كوكورش-مونغول، ئككنچى معاوينى:
عمر ئاخون ئويغور.

چاغانتوغاي حاكىمى : انوەر - قازاق، معا
وينى سىخان - قازاق.

قوبق حاكىمى: گونچين - لاما - مونغول .
معاوينى عبدالاحدخان - اويغور.

شيخو حاكىمى : نصرالدين - اويغور، برن-
چى معاوينى : معاويه - قازاق، ايكنچى معا
وينى مونغول .

ساوەن حاكىمى : قالى بك. قازاق، معاوينى:
شهاب الدين قارى - اويغور .

2 — سوالغا جواب:

چوچەك ولايتىدە 3 پولك عسكر تورودۇ .
2 پيادە و بر ئاتلق پولك . بر پيادە پولك

چوچەكنىڭ اوزيلە تورۇدو . بر پيادە پولك شيخودا ينە بر ئاتلق پولك ساوەن - قووقدا تورودو .

3 — سوالغا جواب :

همتسز وجدانسز ، ئاكسيز سيتاليەنسان رەھبرلردين اوياقدا كاساتچيلىغراق . چونكى: اوياقدا اونوڭغا اوخشاش پەس طبيعتلك منا فيق تيپلمايدو . اوياقدىكيلرنڭ اقتصادى احوالىغا كەلسەك، بر باشباينڭ اوزى بونڭغا اوخشاش منافقلارنڭ 5 - 6 سينى سيتب ايلشقا امكانيتى بار .

اگر اونوڭغا و اونوڭغا اوخشاش فاسكينەلرگە كيرەك بولسا ، 3 ولايتنڭ ادارلريگە علاقە يازسا ، تولوق جواب ئەوەتيب بيريدو . بو معلوماتلار ئاللا قاچان پوتون اولكولوك ادارەلرگە معلومدور. 3 ولايت اچيدە يوشوردىغان هيچ برنرسە يوقدور . عمومى ملى حربى قسملرنڭ سانى 12 مڭدين عبارەتدور . ئالتە شهر طرفيدين كەلمەكدە بولغان خبرلرگە قاريغاق، ينە شونوڭغا اوخشاش جاسوسا جويلرنڭ بى غەرەزلرى اوزينڭ بورونقى سوريدين فائيدەلينب، ينە خلقلرنڭ بوينيغا مينب ئالغوسى بار ليغى كورونودو . حاضر بورونقى سياستنى

ساقلاب قېلىشتا قطعى بول قويماسلىقىنى ئولار توشو
نوب يەتمىگەن بولسا كېرەك. ياكى توشونگەن بول
سىمو، ئوزلىرىنىڭ ئاخماقلىقلىرىغە ئىقرار قىلىشقا
خواھلىماسقا كېرەك. ئاندېرسىن دىگەن يازغوچـــى
نىڭ بر كارول توغرىلوق يازغان ھىكايەسى بار:

بر كونى ئىككى ئالدامچى كارولغا كېلىپ، بز ئالتون
وە يفەكلدين رەخت توقويمز، ئو رەختنى يالغوز عقل
لق كشيلر كورەلەيدور. عقلسزگە كورونمەيدو
دەپتو. كارول ئالدامچىلرگە ئو رەختنى توقوشنى
بويروپتو. كوپلىگەن ئالتون وە يفەكلرنى ئيريدە
تو . ئالدامچىلر، يالغاندىن توقواتقان كشـــى
بولوب اولتوروبتورلر. قرال اوز يىنىڭ برعمل —
دارينى قاندىق توقولواتقانلىقىنى بريب كوروب
كلشكە بويروبدور. عملدار دوكانغا كيريـــب
ھيچ نرسە كورەلمەسدين، ليكن كورمەى قالسا
عقلسزلر قاتارىدا بولوب قلشىدىن قورقوب، قرال
غا كورگەنلىگىنى بيان قلىپدو. قرالنىڭ
ھمە عملدارلرى عقلسز حسابىدا بولوشىدىن قور
قوب، يوق رەختنى ھەممەسى اوخشاش ماختابدورلر.
قرال اوزيمو رەختنى كورمەسدىنلا بو رەختنىڭ عقل
سزگە كورونمەيدىغان خصوصيتىنى ئيسىدىن توتوب،
اوزى كورمىگەن بولسىمو، رەختنى ماختاب يرم

كون شو رەختلەردين «تيكيلگەن» «كييملى» «كييب»
كوچيغا چقيپتو . كوچيلا كونلوك ئاستيدا عسكرلرى ئالديدا قيب يالاڭغاج كيتيب بارغان قرال
نى كورگەن خلق تعجبلينب بوروُن ئاستا — ئاستا : « قرال يالاڭغاچ كوچاغا چقيتور! » دەيدى
كين « يالاڭغاچ قرال ! » « يالاڭغاج قرال ! » دەب واقرابشقا باشلابتو قرال اوز ينك ئالدانغانلقيني و حقيقت يالاڭغاچ كيتب بارغانلقيني بلگەن بولسيمو شوني اقرار قيلشقا ئيزا تارتيب
كيتويريپتو . شونوڭغا اوخشاش مستبدلار اوز لرينڭ يالاڭغاچلقيني ئقرار قيلشقا اونومايدورلەر
مستبد كوچ نەمە قيلشنى بلمەى بز يڭگى خلقلر
نى يڭگى اولكولوك حكومتني حمايه قيلماقچى
دعوەت قلساق اولار خلقني غدبلەندوريدو .
شونڭ نتيجسيدە چوچەكدين اوتكەن مڭلەن
ئارتوق كشينڭ اچيدين خلق اون نچە سابق
جلڭ ساجوى خدمتچيلريگە هجوم قلپتو . اولار
نڭ ئچيدە ئويغور ، روس ، خنسو ، و باشقا هر
ملتدن بار ايكەن .
منابو حادثەمو ، خلقنڭ جلڭ وو چو خدمتچيلريدين نە قدەر نفرەتلينب ، غضبلەنگەنلكلر
يني ئيفادەلەيدو . سابق جلادلر حاضرقى اوز
گوروشيني ياخشى توشونوب خلقنڭ غضبيني

قوزغايدىغان ئىشلاردىن ساقلانماغى لازم بولودو.

خلقىمىزنىڭ ياخشى توشەنمەگى كېرەككى ئاللىدىمىزدىكى سايلام نتيجىسىدە خلقىمىز بېشىدە سوتولگەن حقوقلارغا تولوق ئىگە بولماغى لازم. كور وە ئوزينىڭ خواھلىغان كىشىلەرىدىن مامورلار سايلاب ئالماقلارى كېرەك. ئايرىم ظالملار نوسىيلىدىن عريضە بېرىشى ئەمەس بلكى ئولاردىن قورقماسلىقىن ئولارنىڭ يوزىدىكى نقابلارىنى ئېچىب تاشلاب، سرلىرىنى فاش قىلىب، عملدىن قالدورماقلارى لازم بولودو. شونىڭ اوچون خلقىمىز هوشيار بولوب، تېنچى بتمگە توشونمەي جلادلىق پالتىسىنى ئوزىنىدا ساقلاب يورگەن بوزوقلارنىڭ سرلىرىنى فاش قىلىب، ئولارنى خلقچىلىقنىڭ تومور سوپورگىسى بلەن سوپوروب، ئوتمىشنىڭ ئەخلەت ساندوقىغا تاشلىماقى لازم بولودو.

1947-يىل 23-ئىيون

# اوتكەنديكى ساباقلارنى، حسابقا ئيلب كامچيلقلارنى تۈزۈتەيلى!

( 48نچى يل 18نچى غينوار كونى چوچەك خلق كلوبيدا اوتكوزولگەن طنطنەلك قارشى ئيلش يغينيدا سوزليگەن نطقى )

بيتەملن كينكى نولكە ادوالى توغرولوق
بر نيكى نيغز سوز.

محترم قرينداشلار! ئاخرقى 3—4-يللق دونيا احواليغا نظر سالغيلدك بولساق بتون دونيا دولتلەر ئارا ئورغون اوز گوروشلەر ئوتلدى. ئەركينلك سويگوچى دونيا خلقى گيتلير گرمانيەسى ياپون جهانگرليكى اوستيدن غلبە قازينب انسانيت جمعيت دونياسيني فاشيزم طرفيدن قول قيلنيشى دهشتلك خوفيدن قوتولدوردى.

2نچى دونيا اوروشى بتون دونيا خلقيني ئازادلق اوچون تولقونلوق حركتكە كەلتوردى. بتون دونيا مملكتلريدە خصوصەن شرق مملكتلريدە عكس الحركت كوچيگە، تجاووزچيلققا، زور

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ۋوقتا، ظلومغا قارشى سياسى ئەركينلك حقوقلار اوچۈن وخلق عاممەسينىڭ تورموشيني ياخشيلاش ئوچۈن خلقچيلق حەركت كون ساناب ئوسدى و كيڭەيدى. گيتلير گرمانيەسى وە ياپون جهانگرليگى ئيسب ئالغان مەمليكتلەر ئازاد قيلندى. شو جملىدن جوڭگودن ـ اوزنىڭ كوچلوك اتفاقچيلرينىڭ ياردەمچيسى ياپون باسقونچيلرى هايديلاب چقريلدى. خطاى جمهوريتيدە دەقيقى خلقچيلق سياستيني تورموشقا ئاشوروب بتون مەمليكت خلقلرينىڭ ئەركينلك حقوقلاردن فائيدەلنيشيغا و هرمللتنىڭ ملى مدنيتلرينى ترقى قيلدوروشقا تزلوق امكانيت توغولغان ايدى.

بزنىڭ اولكەمزدە سابق خطاى حكمرانلرينىڭ يورگوزگەن مستبد سياستلرى اولكه خلقينىڭ تورموش احواليني طاقت قيلب بولماسلق دەرجەگە ئيليب كەلگەن ئيدى.

مەن سزلەرگە تصويرلەب ئولتورميسامەمو اوزلريڭزگە معلوم. شونداقلەيمو اوتكەنكى اولكه احواليني بر قور كوزدن كوچوروب حاضرقى احوال بلەن سيلشتوروب باقايلى: بزنىڭ اولكەمزدە ير لاي خلق ئادەم اورنىدا حسابلانماسلق درجيگە يەتكەن ايدى. خلق ايشى اوچون قايغورغوچى يرلك خلقلەرنىڭ معتبر زاتلرى حقارتلينەر و قاراڭغو زندانلەرگە تاشلينار ايدى. اولكەدىكى مستبد

عەملدارلەر اوزلرينىڭ حاكميتلريني ساقلاش اوچون
خلقلەرنى سېقش وتالاش فتنە تـار قيتش و
اپـــوا اشلريني قولـــلونوش يولـــلرى بلـــەن
اولكە خلقلرى اوتتورسيدا مللى زيديەتچيلك
ئوتىنى ياقار ئىدى. دەھقان، چارواچى، ھنرمند،
سودا گرلەرگە كوتورەلمەسلك دەرجيدە ايغر سە
لقلار سيلينار ئىدى.

اولكەديكى يەر ئاستى بايلقى صناعت ترقيا
تى ئوچون هيچ فائدلينلمىدى. انلەب چقرش
سودا ئشلرينىڭ توختاب قليشى نتيجەسيدە كوپ
چولوك خلق عاممەسينىڭ تورموش كوچوروش
شرائطى گادايلىشىپ ئاچ-يالاڭغاچ - يالاڭغيداق
احوالدا چوشوب قلشى بلەن اكوندولوك استە-
مال ئيشلريدن محروم بولدى.

خەنسو عملدارلرينىڭ كوپچولىگى اولكەدي
كى يرلك خلقنىڭ مال، عرف-عادەتلرينى، دين-
لرينى-وە دينى معتبر زاتلرينى حقارت قلدى.
اوزبيگەرلەرگە معلوم يەرلك خلقلەرنىڭ اوز انا
تيليدا ئوقوليدىغان مكتبلەرنىڭ اوزى شونچە
ئاز توروغلوق ئولار يانيمو قسقارتلدى. قالغان
باشلانغوچ مكتبلريدە ئاسسيميلاتسيە قيلش مقص
ديدە كوپچولوك دەرسكە خەنسو تيلى كرگو
زولوب كچىك باليلريمز ياكى خەنسو تيليني او
گونەلمەي، ياكى اوز ئانا تيليني اوگونەلمەي

قورت بەش يللاپ اوقوپ مكتبلەردن ساوادسز
چيقشقا باشليدى. حتا كيينكى يللەردە اورتا مك
تبلەردە خطاى دولت يرينڭ خريطەسيدن باشقا
خريطە توتوشقا قطعى منعى قلنغانلقى وە بالي
لارغا خطاى دولت جغرافيەسيدن باشقا جغرافيە ئو
قوتوشقا قطعى روخصت قلنميغانلقى نتيجەسيدە
اورتا مكتبدە ئوقوغان باليلاريمز دونيا جغرا
فيەسى وە دونيا احوالى بلەن بوتونلەي تونوش
لغى بولماسدن، جغرافيە ئوقوشنڭ نيمە فائي
دەسى بار. باريديغان يريمزگە هاروا كەش او
زى ئيلب باريديغو؟! ديگەن ئەحوالغا كيلب قال
دى. بونداق ئەحواللار خلقنى چداب بولماسلق
حالغا ئيلب باردى. بزمو باشقا دونيا خلقيغە
اوخشاشلا ئەركين حيات كوچوروشكە اوز مللى
مدنيتيمزنى ترققى ئەتكوزوشكە بخت-سعادەتلك
تورموش كوچوروشكە خلقيمز-بزگە موشو مقصدگە
يتشكە امكانيت بار دەب طلب قلدوق؛ كورەش
ميدانغا چقدوق. (ئالقشلار) اولكەمزديكى اس
تبداد ظالم حاكميتى بلەن بولغان ئەجەللك چالي
ش خلقيمزنڭ حياتينى ساقلايديغان خلقيمزنى
باشقيلار قاتاريدا ئادەم دەب حسابلاشقا مجبور
قليديغان. خلقيمزنڭ خلقچيلق ئەركينلك حقوق
لرينى محافظت قليديغان حجت ئمزالنشى بلەن
يەكونلەشدى. (ئالقشلار)

ئاساسى ھۆججەتنىڭ ئىمزالانغانلىقىغا 2 يىل تولۇپ ئاشتى. ئۇنىڭ قوشومچەلىرىنىڭ امەلىيلىشىپ اولكە مىزدە تىنچلىق ئورونلاشقانلىقىغا بىر يېرىم يىلدىن ئاشتى. موشو مۇددەت ئىچىدە اولكە ئەھۋالىدا اوز گوروش كەرگوزولدىمو؟! بىر - بىر يېرىم يىل ئاز وقتمو؟ اگەر بىزنىڭ اولكەمىزگە ئىلگىرى سېلىنغان مەكتەب لار يوللار وە باشقا اصلاحات تعمىرات ئىشلىرى نىڭ ھەممىسى دېيەرلىك 2-3 يىل ئىچىدە موجود بولغان لىقىنى اعتبارغا ئالساق، بىر يېرىم يىل ئىچىدە ھېچ قانداق قورولوش ئىشلىرىنى اونىڭ زوشكە اولكە اقتصادىنى مۇستەھكەملەپ خلق تورموشىنى ياخ- شىلاشلارغە ئېرىشىشكە مۇمكىن ئەمەسمىدى!؟

مەسىلە - بىر يېرىم يىلنىڭ زارلىقىدا ياكى مۇمكىن ئەمەسلىكىدىلا ئەمەس. وەبەلكى مەسىلە چىن كۆڭۈل صداقەتلىك بىلەن اولكەنىڭ يېڭىلىنىشىنى خالىشىدا، مەسىلە - دۈشمەنى واقتىدا چارە دەپ بىلمەي ئۇنىڭ غا سەمىمىيەتلىك بىلەن عمل قىلىشىدا؛ مەسىلە - اولكە خلقىنىڭ خاطرجەملىكىنى وە ئۇنىڭ مىللىيتىنىڭ يېڭىلىنىشىنى چىن كۆڭۈل بىلەن خالاش وە خاھلاماسلىقتا، مەسىلە - چىن كۆڭۈل بىلەن اولكە تىنچلىقىنى ساقلاشنى خالاپ تىنچلىقنى بۇزۇشقا ئورونغانلارغا عملى چارە كۆرۈشتە، مۇستەبىد ئەن صرلار سۇيقەستىن ساقلىنىشنى تىنچلىقنى ساقلاپ

قلشنى سوزده «سەمىمىيەت» بلەن «ئومىد» قلمسيلا-
بزنك تنجلقنى ساقلاش ئوچون بر يريم يلدن
بيرى قيليواتقان حركتلريمز عملديكى سەمىمىيەت
نك دەليليدور.

ئوروش خوفى بى واسطه بزنك تۇريديغان
يريمزده بوليديغانلقيني، وه ئوروش موشو يەر
ديكى بزنك اولتوراقلق خلقنك ئوچاغلريمزنى
وەيرانچلغقا اليب باريديغان بولغانلقيني بلگەن
ئوچون بز هر كملەرنمو توليراق تنجلقنك ساقلينى
شى ئوچون جان دليمز بلەن ترشدوق. وەترش
ماقديمز. بز عكس الحركتچيلارنك سايلام باشلان
غاندن بيرى خلقيمزگه قارشى قاريتا قليواتقان وەحشيـ
لك تيررورلوق حركتلريگه كوز يومۇب اوزوەز
گه بولسا، بو يلقى فيورال ئايدن باشلاب قيلنـ
غان قوپاللق دوشمەنلك معاميلە اغواگر سوء
قصدچيلك، تيرورلوق حركت ئادەم باليسى چدايـ
غوسز حقارەتلەرگە قاريماي صبر قيلب نچە قيتم
بوزولغان تنجلقنى ساقلاب قالدوق. (قاتتق ئالقشلار)

هيلهمو بز خلقيمزنك خارلينشى
زارلينشى مثلسز ايزلشى، حقارەتلينشى
جبرلينشى، ريزالەتلينشى، ايستهزا ئيتليشى،
اولتوروليشى، قاميلشيـ
غا چداش بيرب صبر قيلب تنچلقنى ساقلاب
قلشقا بز كوبرەك ترشماقديمز. (ئالقشلار)

«خلق خاطرجمعليكى وه تنجلقى كم طرفيد
لدن بوزوالوب كيلواتيدو»؟ ديگەن سوئالغا جواب
تاپماق ئۈچون موشو اوتكەنكى بر ئيكى يلقى
تاريخيمز وه بوگونكى كونلەيكى ئەحۋالغا بر
نظر سالماي بولمايدو. ئالتاي ولايتيدە تنجسز
لق پەيدا بولغانيغا خيلى يللار اوتكەندن كيين،
ئيلى، تارباغاتاي خلقى قوزغالدى. ئيلى، تارب
غاتاي خلقى قوزغولوب بو ئككىكى ولايتدە
ئيلگرىكى چينيك حاكميتنى ئاغدوروب تاشلاب
اورنيغا خلقچيلق ئاساسيدا ماءموريەت لر تش
كيل قلنغاندن كيين ئالتاي ويلايت خلقيمو ئك
كى ويلايتكە اوخشاش يرليك ماءموريەتلەر
تشكيل قليب تنچلانغان ايدى.

كوب يللردين برى اوروش ويرانچلقيغادو
چار بولغان ئالتاي ولايت خلقيمو دهقانـچيلق
و چارواچيلق اشلرينى .ينا ترتيبكـە سليشقا
كيريشكەن ايدى. ئالتاي ولايتدە يالغوزلا عث
مان چيرەسيديكى بر تور كوم باندىسى بـلەن
اوزينى « خان » پاديشا دەب حسابلاب بولاك
چيلق اشلرينى داوام قلدوردى.

ساوادسز، ئاكسز عثمانني تربيەلەش مق
صديدە ئالتاي خلقى عثمانغا چولڭ كەشچليك
قليب ئالتاي واليسى قليب اونكغا يارده مگه و

اونى تربيه‌له‌شكه علم ليك ئاشكلق [illegible] اولكه‌مز
ده ئكوب يللر اشله‌ب تجربه ئالغان ئالتاى خلقى
نڭ سويېت ملوك رهبرلريدن يارده‌مچيلر بردى.

( ئالقشلر )

ئالتاى بتونله‌ى تنچلاندى. شو كونلرى بز
جاڭ وييه‌نجاڭنڭ راديئو ئارقيلق «بز چيگرا اول
كه خلقلرينڭ مختاريه‌تينى بريمز» ديگه‌ن سوزينى
ئانقلاب قورالليق قوزغالغان خلقلرنڭ مركز عس
كرلرى بله‌ن بولغان توقونوشلرينى توختاتدوق.
اما شو كونلرده تنچلقنى كوتوب احتياتسز يات
قان ئاقسو خلقلريگه عسكرلر هجوم قليب، نچچه
يوز ئاده‌منى جادوغا بيسب اولتوردى. بوننڭ
بله‌ن عكس الحركتچيلر انسانيتچيلكنى عادى قا
ئيده‌لرينى بوزوب بتون اولكه خلقينڭ قهرى-
غضبينى يانيمو كوچلوگره‌ك قوزغيغان ئيدى.
ليكن بتون اولكه خلقى بز اوروميچى شهري
ده تنچلق سوهبتنى باشلغينيمزنى ئانقلاب بزنڭ
سوهبتيمزنڭ نتيجه‌سينى تنچلق بله‌ن كوتدى.

تنچلق بتيمو، امضالاندى؛ تنچلق بتيم امضا
لينش بله‌ن بز بتيمنڭ 11 ماددسيغا، تولوق رعا
يه قليب بزگه اسير چوشكه‌ن گنرالالرنى ( گو
سيلپك، گو سيجاڭ، تاو سيجاڭلار بله‌ن ) مڭ
لىغان اسيرگه چوشكه‌ن سالدات ئه‌فيتسرلرينى قاي

توزوپ بەردوق. تنچلیق بتیم مضمونی بلەن تو
نوشقاندن کین یارکند و قەشقەر ویلایتلریدە
قوزغالغان خلقلرمو بتیمگە قوشولوب، اوز اختیار
لری بلەن قوزغولاڭنی توختوتوب قورال تاشلی
دی. لیکن عکسل درکتچلار جنوبدا اختیارەن
قورال تاشلیغان بو قوزغولاڭچیلارنڭ رهبرلری
نی (عید قاری، حسن حاجی، تورسون ئاخون،
توختی افندی. هاشم خویجاڭ و باشقیلارنی)
درحال توتقوزغا ئالدی. تا شو کونگچە اولار
نڭ دیریگی یوق. منا بو بتمگە فقط رعایە
قلمیغانلق و خلقنی اندیشەگە سالیب خاطرجمعی
لکنی بوزغانلیق ئەمەسمو؟ (بو توغرولوق
اوز وقتیدا یزیلغان ئیدی). مرکزنڭ وکیلی
جانڭ بو جانڭ جنابلری بز بلەن اوتکوزگەن سوه
بەتلرینڭ تولوسیدا و کینکی یازغان خطلریدە:
مرکزنڭ بەلگولیگەن «تنچلق، برلك، خلقچیلیق
اتفاقلق» دیگەن سیاستینی یوکسەل
دوروب شڭ جاڭدیکی هر ملت
قرینداشلار ئوچون ئوزون یللاردین بویانقی
سیاسی ئیزیلشنی یوقوتوشدین عبارەت دەیدو.
بزەو، موشو بر یرم یلدین بیری ئوتکەن واقیعە
لرنی ئەسلەپ، بوسوزلرنڭ صحتدی ئەیتیلیدیغان
لقیغا شە کلپندیغان بولوب قالدوق. بتمگە ادزا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قىلغان واقتىدا« شۇڭ جاڭدا سىياسى ساقچىلار يو قوتۇلىدۇ» دېيىلـگەن ئىدى، ئەمەلدە موشۇ سۆز نىڭ ئەينى ئەكسى بولۇپ چىقتى. بىزنىڭ ئۆلكـە مىزدە ھېچ قاچان موشۇ بىر يىرىم يىللىقىدەك مخفى سىياسى ساقچىلار كۆچلەنگەن وە فعاللاشقان ئەمەس موشۇ بىرىرىم يىللىقىدەك تەنبو، سىيبو لار فوق العادە حقوقلارغا ئىگە بولغان ئەمەس. ەـو شۇ بىر يىرىم يىللىقىدەك شەنجاڭ لار ئوستىدىن لەن جاڭلەر و فەيجاڭلەر نظارەت و زورلۇق قىلغان ئەمەس. بىتەمگە امزا قىلغان— واقتىدا« ئۆلكـو دىكى عسكر لار ئەڭ ئاز مقداردا قىلەر قىسقار تىلىدۇ»، دېيىلگەن ئىدى بىتىم امزا لانغان كۈندىن باشلاپ، بىزنىڭ ئۆلكوگە عسكر كۆپلەپ كىريىشكە باشلىدى. حتى ياپون جوانگىرلىگى نىڭ خدمتىدە بولغان خطاي خلقىنىڭمۇ، مرگزى حكومتنىڭمو، دوشمەنى بولغان- مانجو گوننىڭ عسكرلىرى پەيدا بولوپ قالدى. بوروندىن اقتصادى احوال اغىر بولوپ تورغان ئۆلكونىڭ ئەحوالى، نهايتى كۆپ دەرىجىدە بولغان عسكر لەرنى كوتورەلمەسدىن يەنىمو ناچار لاشتى.

اقتصادى ناچار خلق لەرنى عسكر لەرنىڭ زورلىق لىرى وە تالاشلىرى نتيجەسىدە جايلاردا خاطر جمع سىزلىكلەر پەيدا بولدى. كىچىلىرى بولاڭچىلىق

قلشنڭ سرتيدا كرەك كى ئلوزى بتون خلقنى قا
ريتب ئووب ئوچوق ئادەم ئولتوروش، ئشليريگە
كرشلنى. مسيلەن: كوموشلە2باليڭنڭ ئيتب ئولت-
رولوشى، ئاباد ئاچەسيلە بر ئادمنڭ ئولت-ور
لوشى تورپاندا سهرادين شهرگە كيلە يتب هرىب
شهرتيەيغاي لەنگەن ئادەمگەملتيق نەيزەسونڭ تقە
ليشيلدين بيكاردن بكار،تورپاندا2ئادەم ئوروش-وب
قالسائونى ساقچىغاتە ك- شوروشك-ەبەرمەى، دولت
عسكرلرينڭ ئيتشى، قاراشهر ويلايتدىكى وا
قيعەلار، داوانچيلكدە عيبسپر، توت ئيشە كچەنى
ئيتيشى نەنسەنگە كيتب بارغان قازاق عائليەنڭ
ئيتلشى وهكازالار هملە تەنبو، ليوبو، سيبو-
ئاتلىق حربى ئورونلارنڭ ئونلاب- يگ-ردەلەب
ضياليلارنى هيچ قانداق ئاساسسىزتوتوب قاماق
ئوروشلرى وباشقيلار. بونوڭ سيرتيدا خلق مجلسى
نى ئوقغا توتوش ئشلرى ملەنى ئافارتيش
ئويوشملارينى وەيران-قليشلري وە باشقيلار توغ
رولوق ئەيتب ئولتورمىسامو هەمە لريڭز بلسز
لەر بولارغا سوهبت يورگوز واتقان واقتيدىكى
بر مونچە مسئلەلر ئوستيدين قلنغان وعدلرنى
برسيمو، ئورونداليغانليغينى قوشسيڭزلەر ئەيتلغا
غان سوزلرنڭ قانچەرەك صەميمت بلەن ئەيتلغان
قيغا باها بيرەلەيسزلەر.

مەسەلەن : تىنجلىق صحبت ئوتكوزولوب تورغان
چاغدا « عدلیە و باشقا مەركزگە قاراشلیق، ئیدا
رەلەرنىڭ ئاپپاراتلىرىنى ئوزگەرتىش ئىشلىرى ئول
كولوك حكومت اختیاریدا بولودو » دېیلگەن
ئىدى. لېكن، بتىم امزالانغاندىن كېين اولكولوك
حكومت ئازچەلىك حقوقلارغا ئىگە بولالماي قال
دى. شوندا قتىمو بز مسئلەنى يەنە قوزغاب يورو
شنىڭ حاجتى يوق دەب بزنىڭ مەركز ئالدىغا
«ئولكەنىڭ مللي تەركىبى اعتبارغا ايلىنىب عالى
عدلیە كولليگىيەلىك بولسون، عالى عدلیە
كولليگىيەسىگە بر خەنسو بر ئويغور، بر قازاق
بر موڭغول، بر تونگان كىرگوزولسون، جايلاردى
كى عدلیە ئورونلارى يەرلىك خالقدىن تشكىل
قلنسون » دېيلگەن تكلىفنى قويدوق. بو تكلىفىمىز
نى سوزدە قبول كوردى. لېكن عمليتدە بوروز
قى عدلیە عملدارلىرى تولوق ساقلاندى. بو وە
علىگە وافا قلماغانلىق ياكى ئالدامچىلىق ئەمەس
مو؟! عمومەن عدلیە ئورونلىرى تا شو كونگىچە
بتونلەي ئوزگەرتىلمەي. عدلیە ئورونلىرىدىكى
قاراخور عملدارلار جايلاردا قانونسىز عاممەوى
قاماش اشلىرىنى داوام قلىۋوروب جايلاردا خاطر
جمعسزلىك بولوشقا سەوەبچى بولدى. اعلان
قلنغان جاڭ بو جاڭ جنابلىرىنىڭ بزگە يازغان خەتى بلەن

ھەمە كېزلەر ئوقۇنۇشتوگىز لەر. خطگە ئۆز واقتىدا
جواب بېرەلمەگەن ئېلدى شونداقتېمو خطنىڭ ئادم
عقلىنى ھەيران قالدورارلق جايلرى ئوستىدە ئها
يتى قسقىچە توختاب ئوتوشكە روخست قلىشىڭـز
لرنى ئوتونومەن. (گولدوروس ئالقشلار) جاڭ
بو جاڭ افندىنىڭ بزگە يازغان خطىنىڭ برجايىنى
ئوقوب بزنىڭ نهايتى تعجبلەندوق :«غولجە طرف اعضا
لرى ئوروملچىگە كېلىب قورقوتوش ئوسوللارى
نى قوللاندى . دېيشى بورىنىڭ -قويغا، «سەن مە
نى قورقاتدىڭ» دېگەنگە ئوخشاشلا ئەمەسمو.
(كولكە)؟! ئوروملچىگە غولجىدىن ئاللدى كەلگەنى
بولوب تورت حكومت اعضاسى و ئولار بلەن 11 خز
متچى باردى. پولىتسىيە تولوق بورونقى ئاپپاراتى،
عدلىيە تولوق بورونقى ئاپپاراتى، تورمىلر تو
لوغى، حربى ئورونلار ژاندارمىسى، گومىندانلق
ئولكە كامىتتى، بانكا، مالىيە، ساقچى ئورونلرى،
پوچتا ،تلگراف، تاموژنا حتى صحيە وە باشقا
ايدارە لر تولوغى بىلەن ئوز گەرمەي بورونقى
ئاپپاراتنى ساقلاب توروب، ئولارنىڭ ئوستىدە
غربى- شمالى، مديريتى توروب، تورت اعضاھمەنى
قورقوتوب سقىدى- دېگىنى بر كولكە ئەمەسمو؟!
اولكەدە بتم امضالانغاندىن كېين عكس
الحركتچى دەب نام ايلب ميدانغا چقب قالغان بر

ونچه كشيلرنىڭ خلق نفرتيگه اوچرب زالغاز
لقينى غولجيلدين بارغان وه كيلار اوستيگه يوك
ليمه كيچى بولدى. تور فاندا ناچه نشون خلقلدين تاياق
يه ب هايك الغاندين كين، كوچار خالقى سيعد احمد
موستيلدين عريضه بر گه نلدين كين. دوتمن خلقى
خادو كبا شنىڭ اوستيلدين شكايت قلب زار يغ--
ليغاندين كين، افرودچيلكي قازاق ضيالى
ياشلرى داديوالڭ اوستيلدين زار قاقشاب شكايت
قلغاندين كين بولار اوزلرىلدين -- اوزلرى
مشهور » بولوب قاليدىمو ؟! ياكى عكس
الحركتچيلر ياخشى ئادملر قتاريغا جوفالڭ گاش
نى قوشماقچى بولامدو ؟ ئانداق بولسا اونكيگه
شلڭشىسەى اوجك شين لرنى قايتپلدين بتونلەى
عملدارلارنى بلەن ايلب كليش كيردك ئەمەسمو ؟
عكس الحركتچيلر بورونقى اولكيده ايشلگەن
عملدارلرينى تولۇق ساقلاب قلب يڭگى سياستي
نى يور گوزمه كچى بولغانلقلرىدا نتيجسيده او
لارنىڭ سياستى بحرانغا اوچريدى. ( ئالقيش )
ئاساس سببنى ئەنه شوندوكلدين ئيزده ش لازم .

. مستبد ظالم عملدارلار واسطەسى بلەن حر--
گيز خلقچيلق-سياستينى يور گوزوب بولمايدو.
ينه شنى ياخشى ئەسلده توتوش كيره ككى،

خلقیمز باشلریدین نوختالپنب یوگەن سیاپنشقا
هیچ واقتدە بوی بەرمەیدو . ( قاتتیق ئالفش-
لار ) بزنڭ جنوب صفریمزدە ئاقسو، یەرکند،
خوتەن ولایتلریدە ایچلغان مجلسلردە خلقلر-
نڭ بر ایغز خلقچیلق روحیدیکی بەرگەن تک
لیفلری اوچون ئایاق -- قوللری سوئلوروله-
غانلغا قدر کالتەکالەنگەنلیگی، جنوب صفریگە
قاتناشقانلارنڭ کوز ئالدیدین اوتدی. مثلا :
داقسودا سامساق دیگەن کشینڭ شاگجاك اوسە
تیدین شکایت قلغانلیغی اوچون اورولوشی، ئە
اڭاندیکی مجلسدە بر یاش « بتم اجرا قلن-
سون » دیگەن سوزی اوچون اورولوشی، یار-
کندە 39 ناحیەلك کیشەش اعضاسیدین31 نڭ
شهردە تورالمای قچب یوروشی، خوتەندە «محمد
امین ئوتکوزگەن سایلام توغری» دیلگەن سو
زی اوچون عبدالعزیز قاری، محمدالدین حاجی
دیگەن کشیلرنڭ اورولوب ئایاق قوللری سوئلو
رولوشی بولارنڭ هەمەسی بزنڭ کوز ئالدیمزدا
اوتکەن فاکتلار دور . یازساق بر داستان بو
لارلق مثال کلتوروش ممکین ؛ ئامما بارلـق
ایش هەمەگە معلوم بولغانلقدین بو شو هم
کفایە بولار دەب اویلایمەن .
ئەمدی اولکولوك حکومت ترکیبینڭ اوز

گوروش مەسىلەسىگە كەلسەك مسعود افندىمنىڭ
رەئىسلىگى توغرولوق خلق ئاوازىغا قولاق سېلىش
سالماسلىق، مركزنىڭ ايشى ؛ لېكىن بىز تەركىبى-
گە كىرگەن اولكولوك حكومت طرفلرىنىڭ كلى-
شىش نەتىجەسىدە تەشكىل قلنغان قوشما اولكو-
لوك حكومت ايدى. ئو، ئولكولوك حكومت سوزسز خلق
حمايەسىگە ئېگە حكومت ايدى .

ئو ئولكولوك حكومت ايغر وضعيتلەردە بول-
سىمو، اوز ئىشىنى اوتەب كېتب بارغان اولكو-
لوك حكومت ايدى .

اولكولوك حكومتنىڭ رەھبرلىگى بىز طرف-
نى خبرىمز بولماسدىن تصادفى اوز گوروشى-
وە اوز گوروش بلانلا، خلق بىرلىگىنى تامىن
ايتەلمەيدىغانلىغى بلىنگەندىن كېين البتە بزاوز
لاق حكومتكە كىرەلمەيدوق (ئانقشلار) بىز كىرمە-
گەن اولكولوك حكومت بىز كىرگەن اولكولوك
حكومت ئەمەس. ئەگەر مركزنىڭ بزنىڭ اولكىمىزدە خلقچى-
لقنى چىن كوڭلى بلەن يورگوزوش مقصدى
بولسا، هەم مسعود افندىمنى اولكولوك حكومت
رەئىسلىك وظيفەسىدە كورگوسى كەلسە ئاز-
گە قلەر كوتوب توروب، مسعود افندىنىڭ نام زا-
قالغان اولكولوك حكومتنى قايتا سايلاش ملەتىـ
دىن سايلام واقتىدا مىلدانغا تاشلىسا مسعود افند-

لەيدىكى خلق ھمايەسىدە ايكەنلىكىنى سايلام نە تېجىسى - كورسەتمەسمىدى ؟ ! بو بىزنىڭچە خلق چىلىقا قارشى پوزيتسىيەدە بولوب صەمىمىيەتلىك بىلەن خلقچىلىق سىياستىنى ھەملگە ئاشوروشنى ئىزدى يىگەنلىكدور .

كېڭەش مەجلىسىنى كىيىن ئاچقوز مىغانلقى بوتون اولكە خلقىگە معلوم بولوب توروب، اونىڭ ايچىل مىغانلقىنى بىزگە دوشگەشكە ئورونوش - اول كولۇك حكومت رەھبرلىكىنى اوز گەرتىش نىتى جەسىدە اوچرىغان بەھرانىنى اقرار قىلىشدىن باش تارتش وە ئىزا تارتشنى يېشقا ئورونوشدىن عبارەت ئەمەسمو؟ موشو يىلنىڭ 25- فېورال كونى عكس الحكر كتچىلەر اوروەچىدە اولكولۇك حكومت اعضالرىنى قورغان ئىچىگە قاماب ئىلىب فاجعەلىك واقعە توغدوروب، بوتون اولكەدە او روش اوتىنى يقشقا قل .قالغانلقى ھېچگە مە لوم ئەمەسمىدى؟

٦ — مارت كونى اوروەچى شھريدە بىزنىڭ قطعى قارشىلقىمىزغا جمعيت تنجلقىنىڭ مسئول يەتىنى اوستىمىزگە ئىلىب تورغانلقىمىزغا قارىماس دىن قاتتق حربى حالەت اعلان قىلىب، مركزنىڭ عسكرلرى اوروەچى خلقىنى تالىغانلقى حتى ئولكولۇك حكومت معاوين رەئىسى بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى
www.uyghurkitap.com



کیشنینگ برئاوملتقینی تاتیب ئلیشی اغوا حرکت
دەب تونولمامدو؟ عکس الحرکتچیلەر بزتوزولوب
قالار دیگەن اومید بلەن ئالتای والیسی قیلب
بەلگولیگەن عثمان باندیتگە خائنلق تخت
وعدیسینی بیرب، عسکر و قورال بیرب، ئال-
تای ولایتیگە بو یل کوکلەمدە هجوم قیلب
ئالتای وە قوبوق خلقینینگ مال مولکینی تالیغاز
لقدن، عذابلانغان ئالتای خلقینینگ باندیت عثمان
نی ئالتایدین هایداب چقارغانلقیدن وە او واق
عەنی تکشوروش اوچون، ایبەریلگەن برهان
افندی معاون رەئیس، تینجلقنی قوغداش عس
کرلەر شتاب باشلیغی دالڭبی گاڭ، معاون ناظر
رحیم جان وە قازاق اویوشما رەئیسی قاسمجان
افندی. ئاقان افندیلەر تەکشوروش نتیجەسی
دە چقارغان خلاصەدن حکومت خبرسزمیدی؟ او
روش اوتینی یقشقا اورونغان کورەڭ ملیتاری
ست عکس الحرکتچی عنصرلرگە چارە کورولدی
مدی؟ بو قیتممو، هیچ نرسەدن هیچ نرسەیوق،
هیچ قانداق خبرسز تنچ تورغان ئالتای ولایتیگە
قوراللق هجوم قیلب هیچ قانداق احتیاتسز، تنچ
تورغان و ساقلانمیغان ئالتای ولایتینینگ بر قس
مینی عکس الحرکتچیلار طرفیدن قوراللانغان
عثمان باندیتنینگ باسقونچیلقی بلەن بولاب تالیشی وە

تنچ ياتقان ئادەملەرنى اولتوروش ئوروش اوتىنى يقش
قائوورونغان اغوا-حركت بولماي نيمە بوليدو؟ بولار
عسكرلەرنىڭ، سياسى ساقچيلەرنىڭ وە عدليە اورونلرى
نىڭ جمعيت خاطرجمعلكىنى بوزوشىدىكى كچيك فاكت
لرى. بز تنچلقمزدا كيرەسى باشلانغاندىن بيرى يە
نى 1945-يل 10-اوكتەبردىن باشلاب زادى قورالليق حر
كت قلندىمو؟ ياكى قورالليق حركت تاشقا اورونلدوق
مو؟ دليللك فاكتلەر: مستبد عنصرلەرنىڭ يا قريغان «تن
چلقى» عكس الحركتچيلەرنىڭ يوگەنسىز زورلوق حر
كتلرينى محافظت قليديغان وە مركز عسكرلرينىڭ
مخفى سياسى ساقچيلارنىڭ وە هم فاراخور،
سود عملدارلرينىڭ خاطرجمعلكىنى وە تنچلقنى
ساقلايديغان «تنچلق» ايكەنلكىنى اثباتلماقدا.
تەتور حركتچيلەر اولكولوك حكومت رەئىسلكى
گە مسعود افندم بولغاندىن كيين بوتون اول
كە خلقچيل اربابلرينى بتمنى حيمايە قلغوچى
خلقچيل زاتلارنى «بولارنىڭ اولكونى جونگگو
دن ئاجرىتش مقصدى بار» ديگەن تهمت بلەن
يالغاندىن ئەيبلەب الغار فكرلىك خلقچيل عنصرلر
نى يوقاتماقچى. خلق ئاراسيدا ئوچوق تيرور
يورگوزوب خلقنى يورەك ئالدى قلماقچى؛ خلق
نى حقوقدىن كيچشكە مجبور قلماقچى بولودو.
بز بتمگە امضا قلشيمز بلەن بوتون اولكو

نىڭ جوڭگو دائىرەسىدە بولوشىنى اقرار قىل
لىدوق. بوتون اولكە خلقى شو جىملەدن اوزىنى
مستقل شرقى توركستان جمهوريتى دەب اعلان
قىلغان دائىرەدىكى (3ولايەتدىكى) خلقلەر بو بىتىمگە
راضى بولماغانلىقىنى بىلدوروب بىتىمگە امضا قىلغوچى
وكىللرىنى تولوق حمايە قىلىشقا كىرىشتى. (آلقىشلار)
لىكن بىتىمگە راضى بولوش دىگەن سوز اولكە
لە ياشىغوچى اويغور، قازاق، موڭغول، تونگان
و باشقا خلقلەرنىڭ عصرلەر بويىچە موجود بو
لوب كەلگەن ئانا - بوۋالارنىڭ عرف-عادەتلىرىنى
ئاناتىلىنى وە مىللى حقوقلرىنى يوق قىلىش؛ خلق
چىل ئەركىنلىك حقوقلاردن واز كىچىش دىگەن
سوز ئەمەس: وە بەلكى بوتون اولكە بويىچە
حقيقى خلقچىل سياستنى يورگوزوب هر ملت
نىڭ مىللى مدنيتىنى كوتوروش اقتصادى ئەھوا
لىنى ياخشىلاش يولى بىلەن عملىيەتدە ملتلەر برا
برلىگىنى تعيين ايتىش دىگەن سوز ئىدى.

اوچ ولايت خلقى اوزىنىڭ ئورومچىگە ئىوەت
كەن وكىللەرىگە بىتم بويىچە بوتون اولكە خلق
لرىگە بىرلگەن سياسى اقتصادى حقوقلرىنى
عملگە ئاشوروشدا ئىچكى ئانىش - تارتىشلارغا
قان توكوشلەرگە يول بەرمەي فقط تىنچلق يو
لى بىلەن ئىش ايلەپ بېرىشنى تاپشورغان ئىدى.

شونڭ بلەن بللە ليكن اگر مركزى حكومت بتە
نى اورونلىيمسا قورال كوچىنى ئشلەتسە ئو وا
قتدا 3 ولايت خلقى اوز ينڭ قولغا كەلتورگەن
خلقچيلق ئەركينلك حقوقلارينى ساقلاش اوچون
بر تامچا قانى قالغونچەلك كورەش ايلب باريش
قا مجبور بوليدىغانلقى توغرولوق اوختورغان
ئيدى. ( گوللوراس ئالقشلار )

بتم عملگە ئاشميغاندن كين خلقچيلق، ئەر
كينلكلەر اورنيغا خلق اوستيدن تيرور سياستى
يورگوزولوشكە باشليغاندن كيين ئزنگلدنمو تولا
تنجلق بتمگە امضا قلغان خلق وكيللريگە تنجلق
بتمنى ئوزگەن 3 ولايتكە **قارشى** اغوا حركتـــ
لرينى ئوچوقدن ئوچوق باشليغاندن كين بوند
اق مستبد سياستنڭ مسئوليەتينى البتە بز
اوستومزگە ئالالماس ئيدوق. تشكيل قلنغان اغ
والردن باشقا يەنيمو چوڭراق اغوالار بولوش
احتمال ئيدى. شونڭ ئوچون اغوالرگە يول
بەرمەسلك ئوچون بز قايتتوق. ( ئالقشلار )

عكس الحركتچيلار ئەركين 3 ولايت دائيرە
سيدە ئيلى انقلابيدن بوروقى ئحوالنى باش
قيدن تيكلەشكە ئورونلدى. اولار 3 ولايت خلقى
نى قايتدن قول قلشقا ئيزديلدى. اولر 3 ولايتدە
ينە مستبد سياستينى يورگوزمەكچى بولدى.

ـــ اگر عکس الحرکتچیلەر تارباغاتای، ئالتای
ولایتلریدە ئیلی انقلابیدن بورونقی ئەحوالاتنی
ینە اورناتماقچی بولغان بولسا، ئولەر کوپ یڭلـ
لشقان بولیدو. چونکی 3 ولایت خلقی انقلابدن
بورونقی حالەتنڭ ینە تکرارلنشیگە هرگز راضی
بولمایدو. یالغوز 3 ولایت خلقی ئەمەس بوتون
اولکە خلقی ئیلی انقلابیدن بورونقی بوتون
حالتینی یاکی باشقا یتە ولایتدیکی حاضرقی حا
لەتنی ساقلاپ قلشینی هرگز خالیمایدو. اگر
ئوشقا جدیرەك قاریساق یالغوز 3 ولایت اوچون
ئەمەس بلکی، بوتون اولکە بوییچە بولیدیغان
حالەت بتمنڭ ماددەلریدە ئوچوق کورسوتولگەن
ئیدی. ئەمدی بزنڭ اوتموشدیکی تاریخیمز کیینـ
کی واقتدا خلقچیلق سیاستنی تورموشقا ئاشو
روش اوچون قلغان کورەش تجربەمز بزگە
خلقیمزنڭ برلك توغینی مەحکەم توتوپ بو یول
دا ئاستا یدیل قینچیلقلارنی باشدن کوچوروش
کە توغری کیلشنی یاخشی بیلیپ، ملتلەر اتفا
قینی مستحکملەپ اولارنڭ بر-بریگە ئیشینش وە
مصبەتینی ئارتدوروپ ملتلەر ئارا دوستلوقینی
چیڭتش نتیجەسیدیلا هر ملت اوزینڭ ئازادلقینی
تعمین ایتەلەیدیغانلقینی کورسەتدی. مالیە انتظا
مینی قاتتق رعایە قلیپ اقتصادیمزنی مستحکملەمە
لەش کیرەك. اگر بر طرفدن عکس الحرکتچی

لار اولتىدە ملتلەر ئارا ئاممى ضدیتچیلك اوتینی
يقشى مەنسەپلەر توشوب قالغان بورونقى عمل
دارلار بىلەن يىڭى خدمتكە اولتورغان خدمتچى
لەر ئاراسىدا قارىمو-قارشىلىق توغدوروش، خلق ئا
راسىدىن سىقب چقرىب تاشلاغان مستبد عنصر
لارنى قورالىق كوچ بىلەن حمايە قىلىب ئولەرنى
خلققە قارشى قويوشى، ئى سەنچىلەرنىڭ قصدەن
واقتىدا پولىنى قايتورماسدىن اولارنى ملك
ئىگەلارىگە قارشى قويوشى، ممكنقدر ياشلار
بىلەن قزلار اوتتورسىنى بوزوش علاجى بول
سا ئانا بىلەن بالا ئاراسىنى بوزوش، ئش قىلىب
بولگونچىلك سىلشقا امكانيەت تاپقان جايدا بو
لوش، بوزوش 7 ولايت خلق ئاراسىدا 3 ولايت
خلقىغە قارشى فتنە اغوالار تارقتىب 7 ولايت
خلقىنى 3 ولايت خلقىغە قارىمو قارشى قلشى،
ممكىن بولغان تقديردە اوز قولىمز بىلەن ممكىن
بولمىغان تقديردە اوز قولىمزنىڭ داللىسىغا كرىب
ايلب اولكەدىكى ملى ئازادلق حركتىنى بوغوب
تونجوقتوروش وە اولكەدە ملى ئازادلق حركتت
ئوچوغى بولغان 3 ولايت خلقىدىن انتقام الىشى
بوتون اولكە خلقلرىنىڭ ئەركنلك تاياچىسى بو
غان 3 ولايت خلقىنىڭ ئەركنلگنى يوقوتوش ئشل
لارىنى ئاساسى مقصد قىلىب پلانلىق حركت قلى
واتقان بولسا 2نجى طرفدن اولكەدىكى رسمى

رەھبەری اورونلاردا اولتورغان اربابلار اول وەتەنىڭ اقتصادی احوالىنى ساغلاملاشتوروش اوچون هیچ قانداق چارە قوللانمای خرابلاشقان چیقیشدەن اولكە اقتصادیینىڭ یەنیمۇ چوڭراق یمیرلشیگە سەبەبچی بولدی. بز اول وەتەنىڭ اقتصادی ئەحوالىنی یاخشلای ئوچون بودجەتنی ساغلاملاشتوروش پول ایلەش ئشلرینی ساغلاملاشتوروش قەغەز حساپتە یاساش سیاسەتیگە احتیاج قلش، تعمیرلەنمیگەن پوللرنی چقرشنی توختوتوش، خلقنی خورەوشینی گادایلاشتوروپ كەتیپ بارغان ئنیوالیمیە كیسەلیدن قوتولوش چارەلرینی قلش مسئلەلرینی قوزغیغان بو مسئلەلر اوستیدن هیچ قانداق عملی چارە كورولمیگەنلیگی توغرولوق ئەچینیپلا توبوشقا توغری كلیدو.

مركزی حكومەتنىڭ اولكە اقتصادیتنی یاخشیلاش بویچەدیكی چارەلرینىڭ 1 نچی قسمدی اقتصاد مسئلەسیدە هیچ قانداق چوشنچیسی یوق بر ئادەمنی اول وەتەنىڭ اقتصادی ایشلارینی باشقوروشقا ھوپلەش بلەن باشلادی. پول ایلەش ایشلرینی ساغلاملاشتوروش چارەلری تعمیرلنمیگەن 200 000 دوللرلق شنجیاڭ ئاقچەسینی چقرشدا اوروندیش بلەن باشلادی. ئیسكنزلاردە بار. ئالدنقی بیل سنتابردە ئابلاردا بز [illegible] ئنسیە یولی خلرلنى، خلقنی بولاپ گادایلاشتوروديغان

يول دەپ قاتتىق قارشى تورشىمزنىڭ نەتىجەسىدە 200 دوللارلىق ايانشىدا چىقارلغان پولنىڭ چەكلەنـ گەن بىر مقدارىنى قبول قلشقا شو نايىدا چىقـ ـارلغان 200 دوللارلىق پولدىن باشقا 200 دوللار لىق پولنى مەجبورى چىقارماسلىققا 500 دوللارلىق پولنى بىتون لەي چىقارماسلىققا اولكەلىك حكومت مجلسىدە قارار قبول قلىنغان ايدى حاضرقى كوندە حكومتنىڭ شو قارارىنى بوزوپ ملياردلاپ 200 دوللار، ملياردلاپ 500 دولـ لار ايسملىك كاغذلارنى الىپ شقا باشلاپ يالغوزلانىڭ نەتىجەسىدە (قوروق كاغذ پەلگو) حسابىغا بىتون اولـكە اقتصادىنى قوروپ خلقنى كوپ -- كونـدوزى قارىتىپ توروپ بولاپ گادايلاشتوروشقا كرشدى.

بو يول بلەن 7 ولايتنى اقتصادى وەيرانچىلىقـ ـقا قاراپ ايلىپ دەگىش بلەنلا چەكلەنمەي 3 ولا يت خلقىدە وەعدە قلغان خراجتنى بەرمەسلىكنى اقتصادى بوغوش يولى بلەن، اشچى، خزمتچى وە عملى قسمدا زاريسىدا (اولارنىڭ اوز خياللريچە) قاراريلىق توغدوروپ بولگونچىلىك سىلىشقا شرائط توغولارمەكچى ب اويلىدى. اولكولوك حكومـت رەئيسى اوز گەرگەندىن كيين 3 ولايتكە هـيچ قانداق خراجت پول بەرمەسلىكنى توغرولوق رسـ ـمى قارارقبول قلدى.

حقيقتدە اقتصادى سىقىش باشلاپ 3 ولايتدە

هېچ قانداق تەئثىر يەتكوزەلمەيدى دەپ ئيتالمايـ
مز، لېكن دوشمەنلىك حركتىنىڭ حيلەسىنى توشەنـ
گەن 3 ولايت خلقى چاپسانلقدا صفر برلەككە
كېلب بر ئاز اقتصادى قربان برىشكە راضى بو
لوب احوالنى توزەپ ئالدى ( ئالقشلار )

بز 3 ولايت اقتصادىنى بر ئاز يولغا قويـ
غان بولدوق . لېكن اوروەچىدە چقرىلىۋاتـقان
پاخال پولنىڭ 3 ولايتكە تەئثىرى يەتمەيـدو دەپ
ئيتالمايمز، اونىڭ تەئثىرى تا شو كونگىچە دوام قلماقـ
دا. اونى اوروەچى بلەن غولجا بازار بهاسىـنىڭ
فرقىنىڭ اوز گوروشىگە قاراپ بها بەرسەك چوشو
نەلەيمز . مثلا: ياز ئايلرىدا غولجا بازارلرىنىڭ
نرقى اوروەچىگە قارىغاندا اون12 حصە، گوش 5
حصە، كومور 10 حصە ئەرزەن بولغان بولسا، حا
ضرقى كوندە او فرقنىڭ بر ئاز كەمەيگەنلىكىنى
كورومز . موشو كوندە غولجىدا اوروەچىگە نسـ
بتان اون 8 حصە، گوش 3حصە، كومور 5حصەلا
ئەرزەنلىك فرق قلىدىغانلقى كورونمەكدە . مـنا
بو سلىشتورما اوروەچىدىكى انفلاتسىيە كېسەلىنىڭ
زەهىرى تاثر يەتكوزىدىغانلقىنى اثباتلايدو. بزدە
بو يل حصول فوق العادە ياخشى بولدى . كوز
كەچ كەلدى . خلق ئاشلقنى تولوق يغىشتوروپ
ئالالىدى. مال نهايتى ياخشى قشقا كردى . اونداق
بولغاندن كېين بازار بهاسى حاضرقى كوندىمو

ئەرزانچىلىقراق بولوپ، اوروم‌چى بازارىنىڭ اوسىش
شى ( بز اوروم‌چيدىن ئاقچا ئالماغاچقا ) غولجىغا
هەچ قانداق تاثىر يەتكوزەلمەسە بولور ايدى.
امما تاثير يەتكوزووالدى. بو ئىشنىڭ سەببىنى
چوڭقورراق اوگونوپ، بونىڭغا قارشى چارە قىل
مىساق بولمايدو ( قاتتىق ئالقىشلار ).

امدى اوز يەرىمىزنىڭ اقتصادى مسئلەمىزگە كىلەيلى
لوق: انسانيەت جمعىيىتىنىڭ تارىخى، تېخى بىرەر دو
لەتنىڭ قەغەز حسابىغا اوزون مدەت عمر كوچوروپ
ياشىغىنىنى بىلمەيمىز. ساغلام بودجىتى بولمىغان،
كرىيى. چىقىمىنى قاپلاپ ئاز — ماز ئاشمىغان، يال
غوزلا قەغەز حسابىغا ياشىغان حكومت نهايتى
چاپسان واقت ئىچىدە اقتصادى حالاكەتكە يولوقو
دو. شونىڭ اوچون اگر بز 3 ولايت دائىرەسىدە
قولغا كەلگەن ئەركىنلىك حقوقلرىمىزنى ساقلايمىز
دىسەك، الڭ اووەل 3 ولايت اقتصادى احوالىنى مس
تحكەملىشىمىز كرەك بولودو. اقتصادى احوالنى
مستحكەملەش دىگەن سوز، يوقورى اورونلار
نىڭ چىقىروپ بەرگەن اقتصادى پلانىغا تولوق
عمل قىلىپ، ماليە انتظامىنى تولوق ساقلاش دىگەن
سوز بولودو. ماليە انتظامىغا تولوق رعايە قىل
ماسدىن تۇروپ، اقتصادنى هرگز مستحكەملەپ
بولمايدو. جايلارنى تەكشوروش نتىجەسى، جاي
لاردا اقتصادى اىشلارگە سوست قاراشلىق ماليە—

انتظاديغا تولوق رعايه قلماسلق اشلرينك بارلغينى
كورسه تدى بز حاضرقى كونده اولكه لوك
حكومتدين هيچ قانداق نه رسه ئالالميدوق . 11 —
12 ملك عسكرصفديكى اوز يمزنلك بالالريمزغا
تاماق — كييم بريشيمز كيرك . 3 ولايت خلقنى
چيلرينك ئايلق معاشينى بيريشيمز كيرك . مل
نى ئاقارتيش ئشلريگه بارلق اقتصاديمزنى ئوچلدين
بريني صرف قلاقديمز . بوننك سرتيدا باسمچيلار
دن ويرانچيلققا ئوچريغان ئالتاى ولايت خلقيغه
ياردەم بريشيمز كرەك . بولارنلك هممسيگه اقتصاد
كيرەك . حاضرقى كونده 1944 - يلغا نسبتا يريم ح
صەسيلق ئالماقديمز . حاكملريمزنلك سانقن قاريغانلي
قى نتيجەسيدە 1947 - يلننك سليقى شو يلنك
ديكابر ئايغا قدر توپلانميغان : بو نيمه اح
وال ايكەن ياكى خلقيمزبەرەلميمز دەملو تەك
شوروب كورەيلوق ، دمب جايلارغا ئادم چقار
غان ايدوق . خلق ئاريسيدا توشەندوروش اشى
اوتكەنديين كيين شونچه وقتدن بيرى توپلان
ماى كەلگەن سيلق خلقنلك اوسنون روح بلەن
تهايتى قزغنلق بلەن سلقنى تاپشوروش نتيجەسي
دە 5 — 6 كوندە سيلق ئاساسەن توپلوندى
بولدى . منا بو اش حاكملريمز اوز وقتيدا
اقتصاد مسئلەسيگە هيچ قانداق دقت قلميغانلق
لرينى اثباتلايدو . بو اشقا همه حاكملەر اوخشاشلا
سوستلوق قلدى دەب ايتالمايمز . ئايريم ناحيه

لەر اوز وقتدىن حركت قاب كەلگەنلرى يوق ئەمەس . مثلا: ايلى ولايت چلپەتزە حاكيمى محمد حاجى ناكام ياخشى حركت قالغان ليكن شونداقمو يتەرلك ئەمەس .

امدى بز عكس الحركتچيلرنك بوزغونچيلق اغوا حركتلريگە يول قويمايمز ، خلقيمزنك تنچ حيات ، خاطر جمع تورموشينى استا يديل مستحكم ساقلايمز ديساك عكس الحركتچيلەرنك اقتصادى دعاصردنىدن غلبەلك چقشيمز لازم بو ئودو . بونكدين غلبەلك چقشيمزغا شك يوق ليكن هيچ غلبە اوز - اوزيدين كەلمەيگەنمدك اقتصادى اوتوقمو اوزلكيدين كەلمەيدو . او نى تشكيل قالاق كيرك . كورش نتيجەسيدە قولغا كەلتورماك لازم . اقتصاديمزنى مستحكمـ لەش اوچون ماليە انتظاميغا قطعى بوى سنـ ـوب و حكومت سرمايەسينى چاچماسلقى بر تيـ ـپن بولسيمو اوز وقتيدا يغيب اصرافچيلقغا يول قويماى امكانيت بار يردە تجەش يولى بلەن بودجيتەيزنى ساغلاملاشتوروشيمز لازم بوليدو . منا شو واقتـ ـيدلا اقتصاديمزنى مستحكەملەشكە بولودو .

## محنت انتظامىنى مستحكەملەب، اش اونو
## مىنى ئاشوروش كېرەك

اگر بز بوگون ئاساسى وظيفە دەب 3ويلايت
اقتصادىنى مستحكەملەش وظيفەسىنى قويىدى
غان بولساق، بو وظيفە نى بىجرىش او چون
بەلگولوك قايدەگە تولوق اطاعت قلىب، بـــەل
گولەنگەن ترتيبنى قاتتق ساقلىماي بولمايدو.
مەنا شو بەلگولەنگەن قاعيدە، بەلگولەنگەن تر
تيب دەب — انتظامنا ئېيتىريب انتظام بولماي
توروب، هيچ قانداق مقصدكە يەتكىلى بولماي
دو. انتظام بولميغان جايدا هيچ قانداق ئشدا
اوتوق بولودو دەب ايتقىلى بولمايدو. انتـــظام
بولميغان عسكر هر دائىم مغلوبيتكە اوچـــراي
دو. قازانغان غلبە انتظام بوزولغان واقتدا مغ
لوبيتكە ئايلىنىب قالىدو. قازانغان غلبە انتظام
بوزولغاندىن كېين مغلوبيتكە ئايلىنىب كەتكەنلىك
لرى توغرولوق نورغونلىغان تارىخى مثاللارنى
كەلتوروش مومكىن. مەن بزنىڭ دىنى تارىخىمز
دىن بر مثال كەلتوروب اوتەى. خبرىگىزلاردا
بار: اخمد محاربەسىدە اسلام عسكرلرى غلبە
قازانغان ايدى. لېكن رسول اللەمزنىڭ عبدالله
بن جعفرنى امير قلىب قـــويغان 500 مقدارى
اوستا مرگەن عسكرلرى « غلبە قايسى طرف

لە بولمیشون اورنیدن قوزغالماسلق کیرەك »
دیگەن امیرنی بوزوب، انتضامسزلق قاغانلقلاری
نەتیجەسیدە مغلوبیتکە اوچریدی. رسول الله مز
مجروح بولدی. مبارك چشلرینی سوندوردی .
70 کشی شهید بولدی. دوندن تاشقری توای
تي نورغون کشی مجروحلاندی. شهیدلر اچه
دە رسول اللهمزنك عمر — مشهور بهادیر حم
زەبن عبدالمطلب، عبدالله بن حجش، مصعب
بن عمر، حصه بن ابی و باشقیلار بار ایدی —
دەیدو.

منا بو تاریخی سابق انتظامنك قانچیلك مهم
اهمیتکە ایگە ایکەنلیکینی کورسوتودو.

انتظام اختیاری و مجبوری بولودو. اگــر
خزمتچی اوز اشیگە جدی قاراب انساب بلەن
صداقتلك بلەن اوستیگە یوکلەنگەن وظیفەنی
ئاڭلق یوسوندا بجرسه، او، ئالدیغا قاراب ماڭ
غان نشانیسیگە چاپسان یتیدو. بو اختیاری ان
تظام برلودو. شونك بلەن بللە جمعیت و حکو
مت اشلرینی اوز واقتیدا و صفتلك بجرلیشی
اوچون قاتتق محنت انتضامینی ساقلاش، خلقی
مز طرفیدن بزنك اوستومزگە یوکلیگەن مقدس
وظیفەلرنی ئاتقوروش الڭ مهیم شرطلرنك بر
سی بولیدو. محنت انتظامی یوق جایدا بجریل

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ندی — ددب حسابلیغان اشلرنڭ نتیجەسی، توبەن بولودو.

محنت انتظامی پوختا بولسا، اشیمزنڭ ناساسی پوختا و چداملق بولودو.

محنت اونومی محنت انتظامیغا باغلق بولودو. خزمتکه بلگیلنگەن ساعتلده کیاب، ساعت پونگەنده قایتش بلەن محنت اونومینی اوستوروب بولمایدو.

خزمت واقتیدا اوز اشی اوستیده بولوش محنت انتظامینڭ مهم شرطلریڭ برسی بولودو لیکن محنت انتظامینی مستحکملشنیڭ ناساسی مقصد محنت اونومینی اشرتدوروشدن عبارت بولودو.

نایریم جایلاردا محنت انتظامیغا رعایه قلماماساق، خاهلیسا اشقا چقیب، خاهلیمسا اشقا چقماساق، خزمت واقتلریدا توی — تماشیلارغا کیتب قیلشاق، خزمت واقتیدا اوغلاق تارتشاق، اش، واقتیدا خزمتچیلار بر — برسینی ضیافتکه چاقرش اوخشاش بزنڭ اشیمزغا بتونلەی توسقونلوق قلیدیغان احواللار بولدی. اگر بز خلقیمزگه خزمت قلیدیغان بولساق، اگر خلق اوچون خزمت قلیمەن دەیدیغان بولساق بو کمچیلیکلاریمزنی توزوتوشیمز لازم. شونوڭ

اوچون كەلكى ملتنى سويسە، خلقچيلق اركنلكيمزنى مستحكەم ساقلايمەن ديسە، محنت انتظامنى مستحكەملەب، محنت اونومينى ئارتتوروشقانى تريشيش شرط بولودو.

دولت ئاپپاراتلرينى، مستحكەملەب سياسى
سەزگورليگيمزنى كوچەيتيش كيرەك !

ينە بر مهم وظيفە اكر بز قولمزغە ئالغان خلقچيلق ئەركنلك حقوقلريمزنى مستحكەم ساقلاب قاليمز ديسەك، خلقمز كوچينى برلەشتوروديغان، تيليگينى مركزلەشتوروديغان، خلقيمزنڭ خلقچيلق حاكميت اورونلرى بولغان اداره ئاپپاراتلرينى مستحكەملشيمز لازم . شو ئەرسينى ياخشى چوشونوش كيرەككى : خلقچيلق سياست ديمەك: خلقنڭ ئەركينلك حقوقلرينى استبداد تجاوز چيلقيدين ساقلايدغان مركزلەشكەن اورنى يوق ، حاكميتسزليك كشيلك جمعيتى - ديگەن سوز بولمايدو . عكسنچە خلقنڭ قوليغا اكەلتورگەن حقوقلرينى مستحكەم ساقليالايديغان هر قانداق تصادفى حادثەدين ساقلينشقا قادير بولغان مركزلەشكەن حاكميت اورنى بولودو ديگەن چوشەنچيدور . ئەگەر ده خلقچيلق ئەركينليكلرينى جمعيت خاطرجملي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ىلىگىنى بوزوشقا قلىر قورالليق باسقونچىلىق قىلىش
قا قىلىر باشقا - براونى اولتوروب كتىشكه قدر
چه كلەنمىگەن ئەركىنلىك دىب چوشونولگەن بول
سا، بتون ئىگزى بلەن حطا بولودو، او، خلقچى
لق بولمايدو. ئانار خىەچىلك (باشباشتاقلىق) بو
لودو. بوندىاق ئانار خىە حكوم سورگەن جاي
دا هىچ قاچان مركزلەشكەن اوزىنى محافظت
قىلالايدىغان كوچ حاصل بولمايدو. ئاندىاق تو
زوم كىچىك سوقفاغا چىداش برەلمەى معلوبى
يەتكه اوچرايدو.

شونىڭ اوچون خلقنىڭ حقوقىنى حمايه قىلى--
مەن، خلقچىلىق -- ئەركىنلىك حقوقلرىنى ساقلاي-
مەن، خلق اوچون دىن اوچون، ملت اوچون خد
مت قىلىمەن دىگەن كىشى هەمەدىن اوال شو
خلقنىڭ حقوقلرىنى ساقلاب قالالايدىغان مركز
لەشكەن خلق حاكمىت اورونلرىنى مستحكەملەش
اوچون تىرىشىش شرط.

خلقنىڭ حاكمىت اورونلرىنى مستحكەملەش
دىگەن سوز يوقارقى اداره اورونلرىنىڭ ئەمر
فرمانلرىنى تزلىكدە توختاوسز اورونداشدىن
عبارەت دىگەن سوز بولودو. يوقارقى اورونديكى خدمت
چىگە توبەن اورونديكى خدمتچى سوزسز بوى
سونودو دىگەن سوز بولىدو. اداره باشىقىنىڭ

بویروقینی اداره خدمتچیسی اوز واقتیدا تو--
لوق اوروندایدو دیگەن سوزبولودو. لیکن ئیدا
رە باشاقلریدو، مینك امرم کوچلوك ئیکەن دەب
حاکم مطلق قلیشقا اورونوشی هر گیز یاریمای--
دو. اونونگا اورونغان ادارە باشلیغی خلقچیلق سیا
ستینك حمایەچیسی بولالمایدو. البتە هر کیمی
سەخلقچلق سیاستینی حمایە قیلمەن خلق اوچون خدمت
قلیمەن دیگەن نیەتدە بولسا او، اوستیگەیوك
لەنگەن وظیفەنی منصب دەب بلمەی خلق خدمتی
دەب بیلب خلققە خلق اوچون صداقتلك بلەن
خدمت قلش شرط، بونوك اوچون ئەك اوال
خلقنی حرمت قلش شرط. هر دائم خلق عاممە
سی بلەن یقن بولوب اونگغا تاینب اونگدین
ایش اوگونوب توروش شرط. مغرورلوقتە کەب
بورلوق، کزابلق، حلیگەرلیك، اوز بلمچانلق، ها
کاورلوق، قوپاللق مەککارلیق، ئەنفسزلیکلەرگە
اوخشاش یاریماس صفتلەردین اوزاق بولوش
شرط، خلق عاممەسیدین اوزولوب - ئایریلب
کەتمەسلیگی شرط. ئەنە شو واقتیدلا او، خدمە
چی خلق حمایەسیگە ایگە بولالایدو. اونیك
قدیری قیمتی ئارتوق بولودو
بزنك ساقچیمز خلق ساقچیسی، بزنك مائموری ئیدا
ریمز خلق دائموریتی، بزنك عدلیەمز خلق عدلیە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئورنى. بولار ھەممىسى خلق حاكمىيت ئورگانلىرى. شونىڭ ئۈچۈن بو گونكى كونلەردە بو ئورگانلار نىڭ ھەممىسى خلق عاممەسىنىڭ ھمايەسىگە حرمىتىگە ئېگە. بونى شو ئورگانلاردا تورىۋاتقان خدمت چىلرىمىز ياخشى چوشونوشلرى لازم.

خزمت چىلرىمىزنىڭ ئەڭ ياخشى چوشونوب ايلىشى لازم بولغان قائدە-خلق خدمتچى-سى ئۈچۈن ئەمەس، خلق خدمتچى خلق ئۈچۈن، شو نىڭ بلەن بىرگە خلق ئۈچۈن خدمت قىلىۋاتقان خا دىملرنىڭمو تېگىشلىك موستەحكەم ئابرويى بولوشى شرط. ئونى اعتبارگە ئالماسلىق، قدرىنى بلمەسلىك ئەركىنلىك نىقابىنى كىيىب ايلىپ ئونوتمابى حرمتلىك قىلىش خلق چىلىق سياستىنىڭ ئاساسى فىكرىگە پاللا چېپىشدىن عبارەت بولودو. ھرقا نداق شخصى ئوز حركتىدە مستقل. بز ئونى ھىچ نرسە بلەن چەكلىمەيمز، ئونىڭ ئائىلە وى احواليغا اقتصادى تورموشىغا مطلق ئارىلا شمايمز. ليكىن باشقا شخصىنىڭ ئەركنلىكىگە تجاوزلوق قىلىشىغا هرگز يول قويمايمز. بىزنىڭ سازدە لىگىمزدىن كەڭ يول قويوشىمزدىكى ئىشە نچىمز دىن- فايدلنىب عكس الحركتچى كوچ كەڭ دائىرەدە بوزغونچىلوق ئىشلەرنى تشكىل قىلىشقا امكانىت تاپىدى. بىزنىڭ سىياسى ھوشيار

لقیمزنی یوقاتقانلقمزدن فایدلانب، عثمان و
قالیبیكراقیعەلرینی توغدورالیدی. عثمان قالی
بەك واقیعەسی دیگەن سوز عكس الحركتچیلەر
نڭ ئالتای- تاربغاتای ویلایتلرینی، ئیلی ویلا
یتلەردین ئاجرتیب ئیلیب، ملای ئازادلق حركتنی
بتونلەی یوقوتوشقا قلنغان پلانلق قصدنی دیگەن
سوز. عثمان قالی بەك دیگەن سوز، خلقیمزنڭ
بوینیچا سوزولغان عكسل الحركتچیننڭ 2 قولی
دیگەن سوز. بزمنا بوسابا قلرنی حسابقا ئیلیب، هر
دائم هوشیار لیغمزنی ئاشوروب، سیاسی سەز
كورلیكمزنی مستحكم لیمكمز لازم (ئالقشلار)

ئەنە شو واقتدا بز خلقیمز طرفیدن بزنی
اوستومیزگە یوكلانگەن وظیفەنی توغری ئادا
قلغان بولومز. خلق ئاممەسینی منفعتینی تولوق
حمایە قلش مقصدیدە دولت ئاپپاراتینی مستحكم
لەب، سیاسی سەزگورلكیمزنی كوچەیتیشیمز لا
زم. بز تینچ خلقمز. بز ئیزیلگەن، خورلانغان، رە
نجیگەن، حقارەت لەنگەن مستملكە خلقمز. بز
انسانیەتچیلیك حقوقلریدین مطلق محروم بولغان
خلقمز. بز تینچلقنی هەممەدین كوبرەك خاهلایمز.
وە یاراتقوچیدین تینچلقنی بوزولماسلغنی تیلە
یمز. تینچلقنی ساقلاب قلش اوچون بارلق كو
چیمز بیلەن كورەش قلیمز. لیكن خلقیمز كورەش
جریانیدا قولیغا ئالغان غلبیچیلكنی، ئەركینلكنی، هقوق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



لرینینگ تینجلیق نقابی آستیدا دهشتله قیلینیشیغا بز هرگز راضی بولالمایمز

شونینگ اوچون بز کوچ یا کی حیله بیلەن حکومتنی یالغوز اوز قولیغا کرگوزوب ایلیب استبدادحکمرانلیغینی یورگوزوشکه هیچ کمگه یول قویمایمیز. تورغونلیغان عسکرلەر بیلەن اشغال قلینغان جایلاردیکی خلقیمزنینگ دائیما محاصره احوالیدا قیلیشیغا راضی بولالمایمیز

تنج یاتقان بی گوناه خلقیمزنینگ مال ملکینی تالاب یاسقونچلوق قلغان جنایتچیلرنینگ مسئولیتسیز، بوزغونچیلوق، بولاڭچیلیق ایشلیری بیلەن شغوللونوب، خلق آلدیدا جوابکارسیز کیتیشیگه هرگز یول قویمایمیز.

استبدادچیلارنینگ قاراڭغو زیندانلریدا خلقیمزنینگ قیمتلیك فرزندلرینینگ قینیلیب انتظار بولوب، عذاب چکیب یتشلریگه بز هرگز راضی بولالمایمیز. وه اول قانخور ظالملرگه غضب دولقونی بیلەن نفرت هم لعنت لر بیان قلیمز. (آلقیشلار.)

هیچ قانداق اساسسیز وه سببسیز تنج یورگەن خلقیمزنینگ ایلغار فکرلیك فرزندلرینی بی گوناه ناحقدان وه قینیغان قانخور ظالملارنینگ جوابکارسیز کیتیشیگه هرگز راضی بولمایمز.

خەلقىمىزنىڭ بولانغان ماللىرىنىڭ دەرەكسىز يوقىلوپ كېتىشىگە يول قويمايمىز ( ئالقىشلار ) .

بىزنىڭ ئىستىقبالىمىز پارلاق ! بىزنىڭ يولىمىز ھەق . بىزگە ھەر دائىم اللە يار . شۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە دۈشمەنلىك كۈچلىرىدىن بىز قورقمايمىز ( ئالقىشلار ) .

بىز ئەركىنلىك نىقابىنى كىيىۋېلىپ خەلقىمىزنىڭ ئەركىنلىكىگە تاجاۋۇز قىلىۋاتقان ئۇنسۇرلارغا ھەرگىز يول قويمايمىز .

ئەركىنلىك ھوقۇقلىرىمىزنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بىر تامچە قېنىمىز قالغۇنچە كۆرەشىمىز ! ئەلۋەتتە بۇ كۆرەشتە بىز غالىب بولىمىز . ئىنشائاللاھ رەببۇلئالەمىن ( گۈلدۈراس ئالقىشلار . )

ياشىسۇن بىزنىڭ خەلقىمىز !

ياشىسۇن خەلقىمىزنىڭ بىرلىك ئىتتىپاقى !

ياشىسۇن ھەر بىر مىللەتنىڭ ھەقىقىي بارابەرلىك ئاساسىدىكى مۇستەھكەم دوستلۇقى !

ياشىسۇن پۈتۈن ئۆلكىمىز بويىچە يۈرگۈزۈلگۈسى ھەقىقىي خەلقچىللىق سىياسەت !

گۇم بولسۇن ئىستىبداد !

( ھەربىر شوئار گۈلدۈرلىگەن ئالقىشلار بىلەن قوۋۋەتلىنىپ زالنى ياڭرىتىۋەتتى ھەممە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ سۆيۈملۈك رەھبىرىنى تەبرىكلىدى )

1948 نچى يىلى 2 نچى فېۋرال

(27 - سانلىق «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىدىن)

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com



## یەنە بر قتیم

# شرقی تورکستان توغرولوق

بونگلرنی ایکی ئای ئەووەل اورومچیدە چقان مستملیکەچیلرنڭ دوتاریغا اوصول اوینایدیغان ھەمە گزیتلر ئاغیزلریدین کوپوکلرینی چاچریتیب خلقیمز غا بر „ خوش خبر “ یەتکوزوشکە ئالدیریدی.

ھەمە گزیتلرنڭ صحیفەلری „ چینی تورکستانی “ „ اولکەمز چینی تورکستان “ بولدی „ چینی تورکستانی تبریکلەیمز “ ... گە اوخشاش فو-ق العادە طنطنەلك چیرایلق وە یوقوری ئاوازلق سوزلر تولوب تورولغان ئیدی. بزنڭ اولکەمزنڭ سرتیدا توروب بزنڭ ئچکی احواليمزدن خبری بولمیغان ئادەم بولسا، بو گزیتلرنی اوقوغاندین کین „ شنجاڭ خلقیگە مرکزی حکومت چوڭ مەردلیك قیلیپتو ، شنجاڭ خلقی قوللوقدین قوتولوپتو ، خطای جمهوریتی مستملیکەچیلك سیاستیدین کچیپتو ، دیگەن چوشەنچیدە بولوب، ئزیلگەن ئەللرنڭ خلقلری بز اوچون شاد ئەیلەر دن مستملیکەچی جهانگرلر داد ئەیلەر ئیدی .

ھالبۇكى: „ چىنى تۈركىستان “ „ خوش خە
رى “ ئۆلكە خەلقىمىزگە يەنە قوشۇمچە قايغۇ ھەس
رەت كەلتۈردى . ئۆلكە خەلقىنىڭ بەخت سائادەتلىك
„ توق “ تۇرمۇشىنى „ مالى باشقان “ نىڭ
1948 - يىلى 17 - ئىيۇن كۈنىدىن باشلاپ يۈر
گۈزگەن گوش يېمەسلىك چارەسى ئارقىلىق كۆرگىلى
بولىدۇ . ئۆلكەمىزدە جانلىق مالنىڭ تۈگەپ - تۈگاب
كېتىپ بارغانلىقىنى خەلقىمىزنىڭ ساغلام بەدىنىگە يەت
كەيب ئالغان، ئونىڭ تۇمۇرلىرىدىكى قولوق قانىنى
شوراپ ياتقان ئىككى ئاياغلىق ساھىبلاردىن كۆرمەس
تىن ، يىرىم ئاچ - يىرىم توق خەلقىمىزگە „ جانلىق
مالنى يەپ يوقۇتۇپ كېتىپ بارىسىز “ دەپ تۆھمەت
قىلىپ ئونى فاشىست پالىتىسىنىڭ ئىگىلىرىنىڭ خەل
قىمىزگە يەنە قوشۇمچە ئازاب بېرىشلىرى ئۈچۈن
سەبەب تېپىپ بېرىش بىلەن تۇتۇپ بېرىشى بىزنىڭ غەزە
پىمىزنى قوزغايدۇ . ئۆتكەن يىل نەق شۇ ۋاقىتلار
دا پەيدا بولغان شۇنىڭغا ئوخشاش „ خوش خەبەر “
شەرقى تۈركىستان خەلقىگە قايغۇ ھەسرەت ۋە بەخ -
تسىزلىق كەلتۈرگەن ئىدى . مەسئۇد خىطاي - رېئاكسىيە
ئون ئامرىكا - ستىلىدا ئۇيغۇر - مەسئۇدنىڭ رەئىس
بولۇشىنى ئۆلكە خەلقىگە ئونىڭ ئىستىقلالىيەتىنى -
ئوز قولىغا ئولوق تاپشۇرغاندەك قىلىپ كۆرسە

توشكه ئوتۇزغان ئىدى. بۇ «خۇش خەبەر» ئول
كه خلقىنىڭ قانچەلىك قىيىنغا وه كوز يېشىغا توختو
غانلىقىنى ئالتاى، تارباغاتاى، كاشغر، غولجىن خلقى
ئوز كوزى بىلەن كوروب ئوتدى. مسعودنى نيمه
ئوچون رەئىسلىككه بەلگىلىگەنلىكىنى گېنرال جاڭ
جى جوڭ ئەفندى ئىيتىپ بەردى. «گومىنداڭنىڭ فرقه
سىنىڭ 4-نوبەتلىك بوتون مركزى اعضالر مجلسىدىن فرقه
بىلەن ئوملىكنىڭ باش قوشقان مجلسىنىڭ 3- كونىده
(1947-يىل 11-سنتەبىرده) گېنرال جاڭ جى
جوڭ شىنجاڭ مسئلەسى حقىده سوزلەپ چىقىپ...
«بوييل 28-مايدا» مسعود ئەفندى ئولكه رەئى
سى بولغانغا قەدەر شىنجاڭنىڭ احوالى يەنە هەرا
حركت وه ئىنقلاب صحبتىدىن (سىياسى كوروش) ئه
مەس؛ هر ئىككى طرف بىرگه عمل قىلىشقا باشلى
غانلىقنىڭ نتىجەسىدە خلق ئويغونوب ئوز حقوقىنى
توتوب، ئەركىنلىك حقوقلىرىغا يارىشا حركت قىلىشقا
باشلاغان ئىدى» (ا. ا.) (1) سىياسى كوروش
باسقوچىغا ئوتدى. مەن ئوزەمنىڭ ھەتتا ئاشۇ تور
غان بىر يىللىق واقتىمدا غولجا طرفىدىكىلەر (ايلغار
فكرلىك ترقى پرور خلقچىل عنصرلر ا. ا.)
غولجا قارالق اوچ ولايتنى (خطاى مستبدلرىدىن
تازالارى ئەمەس اولكه خلقىنى! ا. ا.) ئاساس

قىلىپ قالغان، 7 ۋىلايەتتە رەۋاجلىنىپ ( خەلقچىلىق
سىياسەت غەلىبە قازىنىپ ئا. ئا. ) ئو يەرلەرنى فو
قۇلئاددە لاشتۇرۇپ ( مۇستەبىت خەنسۇ ئەمەلدارلىرىنى
مايداپ! ئا. ئا. ) يەنە فوقۇلئاددە ۋاسىتەلەر بىلەن
بۇتۇن شىنجاڭنىڭ ھاكىمىيىتىنى قولىغا ( خەلق قولىغا! ئا. ئا. )
ئالماقچى بولغان قەستىنى ( خەلقنىڭ يەنە قول بو
لۇشىنى خالىمايدىغانلىقىنى! ئا. ئا. ) سەزدىم. بۇ
يىل مايدا مەن جەنۇبى شىنجاڭنى تەكشۈرۈشكە بار
غىنىمدا بۇ ۋاقىئەنىڭ قانچىلىك ھالغا تۇشكىنىنى ( خەلق
نىڭ ئويغانغانلىقى! ئا. ئا. ) مەن ئوچۇق سەزدىم.
شۇنىڭ ئۈچۈن مەن مەركىزى ھۆكۈمەتكە بۇ قىيىنئە-
سىيەنى ( خەلقچىلىق سىياسەتنىڭ ئا. ئا. ) رەۋاجلىنىشىنى
توسۇشقا ( مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنى ساقلاپ قېلىش
قا ئا. ئا. ) چارە قوللىنىش ئۈچۈن فىكىر بېرىشكە
مەجبۇر بولدۇم. ھەمدە ئۆزۈم ( شىنجاڭ خەلقىنىڭ
مىللى ئازادلىق ھەرىكەت بىرلىكى سەپىگە بۆلگۈنچىلىك
سېلىش ئۈچۈن ئا. ئا. ) شىنجاڭ ئۆلكەلىك ھۆكۈمەت
رەئىسلىك ئورنۇمنى بوشۇتۇپ، مەسئۇد ئەفەندىنى
( خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ سادىق قورچاقىنى
ئا. ئا. ) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى قىلىش
قا فىكىر بەردىم " - دېدى.

مانا بۇنىڭ ئۆزىدىن مەسئۇدنىڭ نېمە ئۈچۈن ۋە
قانداق سەۋەب بىلەن رەئىس بولۇپ قالغانلىقىنى

بېلگىلى بولىدۇ. «چىنى تۈركىستان» «خۇش خەبەرى» نى خەلقىمىز ئۈچۈن قانچىلىك قىممەتى بولىدىغانلىقىنى مانا شۇنىڭدىن ئايرىپ ئالغىلى بولىدۇ.

«چىنى تۈركىستان» دېگەنلىك بىلەن خەلقىمىزگە قانداق جىقالىق منفعت بەرگەنلىك بولارمۇ؟!

ئەمدى «تۈركىستان» «چىنى تۈركىستان» «شىمالى جانۇب» ۋە «شەرقىي تۈركىستان» مەسىلەسىگە كېلەيلۇق:

شەرقىي تۈركىستان تۈۋرىكى ئەزەلدىن ئۇيغۇر قەبىلەلىرى ئولتۇرۇپ كەلگەن جايلاردۇر. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ياشىغانلىقىغا 3 - 4 مىڭ يىللىق تارىخى دەلىللەر تېپىلىدى. ئۇنىڭدىن ئۇۋەلقى زامانلار ھەققىدە تارىخچىلار ھېچقانداق ئۇگەنگەنلىنى كېيىن جاۋاب تاپار. شەرقىي تۈركىستان، ياكى ئالتە شەھەر، جۇڭغارىيە ياكى 7 شەھەر - ئىلى، چوچەك، ئالتاي، ياكى جەنۇب ۋە شىمال، ياكى شىمالى جانۇب دەپ ئەزەلدىن بۇ يۇرتىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ، يەنى بىزنىڭ ۋەتىنىمىزگە ئىتىلىدۇ. ئاخىرقى «شىمالى جانۇب» دېگەن نام، بىزنىڭ ئۆلكىمىز خىتاي مۇستەملىكەچىلىرى تەرىپىدىن ئىستېلا قىلىپ، تولۇق مۇستەملىكە ئەھۋالىغا چۈشۈپ، خىتاي ئىمپېراتورلۇقىنىڭ سەلتەنەتى تولۇق ئورنىتىلغاندىن كېيىن قويۇلغان نامدۇر.

„ شەنجاڭ “ دېگەن نام „ يېڭى دائىرە “ ، „ يېڭى
زېمىن “ دېگەن مەنانى بېرەدۇ . دېمەك ، كۈرەش
تولگەن قارشىلقلارنى سىياسىي قانۇنى ئېنى تولوق
اطاعت ئەتكوزولگەن يېڭى بىر بولەك يەنى خطاى
دولەت تۇپراقىغا قوشۇلغانلىقىنى افادە قىلىدۇ .
بەر بۇزلىق، وطن بۇزلىق، بۇنگە ا هېچ قانداق
بەھانە يوق . ئەمەلى مسئلە موشو يەردە ياشاۋاتقان
خلقلارنىڭ حورليك - ئەركىنلىكىنى قاچون ئېتىش
اوستىدە كېتىپ بارىدۇ ، بۇزلىق يېرېمزنىڭ نامىنى هر
قانداق قىلىپ اوزگەرتكەن بىلەن اگر خلقېمزگە سيا
سي ئەركىنلىك حقوقلارى بېرىلمەيدىغان بولسا، عە
ليتنىيكى مال ئۈزلىشى يوقوتولمايدىغان بولسا ،
اونىڭ هېچ قانداق اھمىتى بولمايدۇ . شەكىلدە
مونى هېچ واقتدا يەلكوليالمايدۇ . مثلا ؛ فرانسيە
جمهوريتىنىڭ خلقچىل جمهوريت دەپ ئاتىلىشى فران
سىيەدە ايكى يوز عائىلەنىڭ تولوق حاكم مطلق —
حكمرانلق حقوقىغا دخل يەتكوزالمايدۇ . ياكى
نهايت ترقى تاپقان خلقچىل جمهوريت دەپ قاتالمىش
ئا . ق . ش . دولتىدە ھەمە اوخشاش برابر توغول
غان تورموش ئەركىنلىك و بختلىك اندىماش حقوق
لرى هر كېمدە بولوش كېرەك . ؛ دېگەن سوزلەر
60 عائىلەنىڭ حاكم مطلق لق حكمرانلقىنىڭ

يورگوزولوشيگه هيچ قانداق تاثير يەتكوزالمايدو. ياكى، مثلا: ئەنگلييەنىڭ مستەملىكەلريگه شكل جهة دن ئەنگلييە طرفيدن استقلاليت اعلان قيلينيشى، اولارنىڭ مستەملىكەلىك حالتيگه هيچ قانداق اوزگه روش كورنەلمايدو.

بز حاضر ئەنگلىزلارنىڭ مستەملىكەلرى بولغان كوب ميليون ئاهاليلق هندستان اوستيدە واكى اونىڭ ئافريقادىكى مستەملىكەلرى اوستيدە سوز ئاچماي كيچيك بر سەيلون ئاراليننىڭ احواليني اعتبارغا ئالساق مسئلە انيقلينيدو.

سەيلون ئارالى 6 ميليون خلق ياشايدو. 1948 يلى 12 - فيورال كونى سەيلوننىڭ مستقلليكى اعلان قيلندى. بونىڭ ماهيتيني چوشونوش اوچون ئەنگلىز تورالق كوچلرنىڭ سەيلون ئاراليني "مدافعة" قيلش وظيفەسيني اوز اوستيگە ئالغانلقيني و ئەنگلىز مستملىكەچيلرنىڭ بو جاينىكى سياسى وە اقتصادى پازيتسيەسيني ساقلاپ قالغانلقيني ئەسلەپ اوتسەك كفايە قيلار ئيدى. اونىڭ اوستيگە سەيلوننىڭ ماموريتينىڭ بشيغا ئەنگلىز گېنېرال - گوبيرناتورى گينرسون موريخين اولتوردى. مهيم اورونلارنىڭ هممەسيگە شونگغا اوخشاشلا ئادەملر اولتوردى. شوننىڭ بلەن شكل جهتدن

حاكم ئەنگلىيە و مەحكوم سەيلوننىڭمۇ ئوزگورۇش
كرگوزۇلدى. ليكىن بولارنىڭ ئەمەلىيىتىدىكى ماھىيـ
تە ئوزگورۇش بولامدۇ ؟ ! سەيلون مۇستەملىكەلىك
و ئەسىرلىك ئەھۋالدىن قۇتۇلالامدۇ ؟! ئەنگلىيە سەي-
لوننىڭ ئىستىقلالىيىتىنى ئىئلان قىلىپ مۇستەقىللىكىنى تو-
نۇدى ئونوتلۇق بىلەن سەيلوننىڭ مەحكوم ئەھۋا
لىغا ئوزگورۇش كرگىزىلدىمۇ، ياكى مۇستەملىكەلىك
ئەھۋالى يوقالدىمۇ؟ ياكى ئوزىنى ئادىل خەلقچىل
دولەت، مۇستەملىكەچى ئەمەس دەپ شەكىل جەھەتتىن
ئوزگورۇش كرگوزۇشكە ئورۇنغان ليبورىست ھۆكۇ
مەتى ئەنگلىيە بىلەن مۇستەملىكەلىرى ئوتتۇرىسىدىكى
مۇناسىۋەتنى ئوزگورتەلىدىمۇ؟ مۇستەملىكەچى "ئەمەس"
بىرىتان ( ئەنگلىز ) ئەسكەرلىرى مەنا ئىككى ئايغا
يېقىن بولدى مالايا خەلقىگە قارشى مۇستەملىكە ئورۇشى
نى دوام قىلدۇرماقتا. ئەنگلىزلەرنىڭ مۇستەملىكەسى-
مالايانى ساقلاپ قالماق ئۈچۈن "خەلقچىل" ئەن
گلىز عەسكەرلىرى مالايا خەلقىنىڭ قېنىنى - دەريالاپ
تۆكمەكدە.

ياكى ئالايلۇق ئا ق ش نىڭ فىلىپپىن جۇمھۇ
رىيىتىگە بولغان مۇناسىۋىتى، فىلىپپىن ئا ق ش نىڭ
مۇستەملىكەسى. ئا ق ش فىلىپپىن نىڭ ئىستىقلالىيىتىنى
ئىئلان قىلدى فىلىپپىن نىڭ مۇستەقىللىكىنى قوبۇلدى.

لیکین شونی ئیلری بیلەن قیلیپمو ئانڭ مستعملیکە احوالیغا اوزگەروش کرگیلیمو ؟! البتە یوق

ئالابارق، هیندونیزیه بیلەن هوللاندیه مناسبتی نی: یاوروپادیکی کچیک قالاق هوللاندیه دولتی نورغون میلیئونلوق مسلمان ئاهالیلیق هیندونیزیەنڭ خوجایینی حسابلینادو. هیندونیزیه خلقی اوزینڭ مستقللیگی اوچون مستعملیکەچیلەرگە قارشی ملی ئازادلیق حرکتیگە بەل باغلیدی . استقلال هیندونیزیه جمهوریتینی اعلان قیلدی. هیندونیزیه خلقینڭ سوقشیغا چیداش بەرەلمیگەن هوللاندیه مستعملیکەچیلەری هیندونیزیەنڭ مستقیللیگینی تونوشقا تیار ایکەنلیگینی بیان قیلدی. اوتتوردا تنچلیق شرط نامیلەر توزوش مزاکیرەسی یورگوزوشکە باشلیدی. هیندونیزیه جمهوریتینڭ مستقللیگینی تونوغان هوللاندیه مستعملیکەچیلری اگردە مستعملیکە خلقیگە حقیقتدە ئازادلیق بریشنی خالیسا، مستعملیکەنڭ قولیدن چقیپ کتیشیگە راضی بولیدیغان بولسا، صمیمیتچیلیکبلەن اونوگاعمل قلغان بولورئیدی. مستعملیکەچیلەر اونوگا راضی بولمیدی. نەبولمایدو: شونڭ اوچون برطرەفدن مذاکیره یورگوزوپ 2 نچی طرەفدن هیندونیزیه خلقینڭ ملی

قازاديق بىرلىك صفيگە بولگونچيليك سالماق اوچون
هيندونيزيە جمهوريتينىڭ نظارەتيدىن سيرتقى باشقا
جايلاردا هوللانديەلكلار توليقى بىلەن اوزلرينىڭ
حكمرانليقى ساقلانغان «هيندونيزيە» «مستقيل»
«دولتلارى» نى تۈزۈشكە باشلادى. اگر هوللانديە
مستملىكەچيلرينىڭ سوئى قصدى عملگە ايشيب اولارنىڭ
«ئوزقوللارى بىلەن قورغان» «مستقيل هيندونيزيە
دولتى» غالبيت قازينب «مستقيل» «هيندونيزيە
جمهوريتى» اعلان قيلنغان تقديردە هيندونيزيە
مستملىكە احواليدا اوزگوروش بولادو. البتە يوق.
اونداق احوال بولماس، اگر شونداق بولغان تقـ
ديردە البتە هيچ قانداق اوزگوروش كرمەيدو.
هيندونيزيە محكوم، هوللانديە حاكم بولوب قاليدو
ليكين محكوم بىلەن حاكملارغا قارشى قوزغالمايدا. دنـ
يانىڭ قايسى بورجىكيگە قاراماڭ، مستملىكە اللر
نىڭ مستملىكەچيلرگە قارشى قوزغالانليقينى كورو
سز: هيندستان، فيليپين، ويتنام، حتى ئالتون قير
غاق، كينيني، مالايا وە باشقيلار تشكيل جهتدن
امەس، مضمون جهتدن حقيقى ئەركينليك لەر
طلب قيلماقدا. جهانگرلر مستملىكە ئەللرى اولقى
دەك پاشاشىنى خالماينقانليقيني وە اولار اوزلريهو

اووەلقیدەك مستملیكەلرنی ئیدارە قیلالمایدیغانلقلرینی بیلدورگەندە. شونینك اوچون جهانگیرلر تشكل بولغان اوزگوروش كیرگوزوپلا مستملیكەلرنی ساقلاپ قیلیشقا اورونماقتا. حاضر 20 ـ عصر، بوروندقی اصوللار بیلەن خلقنی ئالداش تەس. شونینك اوچون یېڭی اصوللار قوللانماقدا. شونداقدیمو ئەمدی مستملیكە چیلر مستملیكە ئەللرینی ئالدییالماس.

بزنی چیرایلق سوزچیرایلق اسملر بیلەن هیچ كم ئالدییالمایدو. بزنك اولكەنی „شینك جانك» دەدو، „چینی تورکستان" دەمدو، نەمە دیسە دیسون خلقیمزنك ئەركینلك حقوقلرینی اوزقولیغا الیشورسون! منا بزنك بوگونكی قلیوانقان چیلقیمزنك نشانی

1946 - یل 6 - سینتابر

(1) ا. ا امضاسی بیلەن ئورناق ئچیگە یوزبلخان جملیلر گینرال جانك سوزیگە یازغوچینك بەرگەن توشەندورشی.

............

# گوچ برلكدە

1 — اورومچی حكومیتیدیكی خطای مستبد دائیرە
لرینك 1946– یل 6— ایيونديكی
تەچلق بتمنى بوزوشى

اورومچی حكومت تركبیدیكی خطای مس—
تبد دائیرەلری 1946 — یل 6 ایيونديكی تنچ
لق بتمگە امضا قلغان كوندین باشلاب اوزو گ
لدین كیینكی واقتلار نك هەمەسیدە بتمنى سا
باتاژ ( 1 ) قلب اوچوقدین اوچوق بوزدی. اول
كەاحوالینی مركبلەشتوروش اوچون اغوا تشكیل
قلدی . اولكە خلقینك ملی ئازادلق حركتینی
بوغماق اوچون و ئازادلق حركتلر نتیجەسیدە
ایلی ، ئالتای ، تارباغاتای ولایتلریدە نورغون
لیغان قربانلەر بیریب قان توكوب ئالغان انسان
چەتچیلك حقوق و اركینلكلرنی یوقاتماق اوچون

---

(1)سابتاژ— فرانسوزچە سوز بولوب، كو
رونوشدە اشنی بجریواتقاندەك قلب ، عمل
دە اونك عكسنچە اشنی بوزغوچیغا ئەیتلیدو.

تشكيلى يوسونىدا پلانلىق فعال حركتىنى ترقى
ئەتكوزدى . ساباتاژ قيلش بتمنى قوپال بـو
زوش بزنىڭ خلقمزگه قارشى اغالار تشكيل قيـ
لش دەليللرينىڭ هەممىسىنى بو يەردە كەلتوروب
اوتوشى تەس گەپ. چونكى بو واقتنىڭ ايچيدە
اونداق اشلەر نهايتى كوب بولوب اوتدى و اولارنىڭ
هەمەسى تېخى بزنىڭ هەممزنىڭ ئسىمزدە بار .

مەن بو يرنىڭ اچيدن بزنىڭ خلقيمزنىڭ هەم
مسىنى نفرەتلەندورگەن قهرى غضىنى قايناتقان
باشقا بتون مملكەتلرديكى انسان پرور كشيـ
لرنىڭ سەفراسىنى قوزغايديغان الڭ قوپاللقى
اوسولىلا توختاب اوتمەكچى بولىمەن .

مثلا. خلقى مستبد دائرلرينىڭ بتم ماددىـ
لريغا بنائەن وولايتكە نسبتەن اوستيگە ئالغان مجـ
بورتلرينى قوپاللق بلەن بوزوش توغرولـوق
سوز ئاچمايلا بتون اولكه بوييچه ترقى پروەر
اردبلرنى عاممەوى قاماش، جنوبدا عموەمى خلق
يغنلريغا اوق ايتش، خلقنىڭ مدنى ئاقارتيـش
اوبوشمالرينى تار مار قيليش، فاشستلق تيرور
گروپلرنى تشكيل قيلش، قشقەر تاشقيلقديـ
كى باسقونچى اخمد بەگچيكيگه اوخشاش خلققه
جرا بېريش — جبر قيلش ، قورالليق بولاڭـ
چيلر توپىنى تشكيل قيليشقا اوخشاش اشلر
فيلا ئالسق كيفايه قيليدو .

2- خطاى مستبد دائرەلرينىڭ 3 ولايتنى
اقتصادى جهتدىن بوغوش پلانى،

اولكه ليك حكومت تركيبيدىكى مستبد دائرەلرينىڭ
3 ولايت خلقيغه نسبەتەن معاملەسىنى ئالديغان
بولساق فاكتلەرنى اوزلرى اوچون اوزلرى ئيتالايدو.
بلكم بزلر بتىم توزولوشى بلانلا بتمنىڭ
تگيشلك مادديلرىگە نسبەتەن عسكرلرىمزنى اوز
لرينىڭ دائمى توريديغان اورونلريغا يوتكەب
ايلب كەتكەنلكيمز و اولارنى بتمگە موافق قاي
تيدىن قوروب چىقالمىغانلقيمز اوچون بخەنسو عمل
دارلرينىڭ هيچ قايسيغا چەك قويماى، حتى شو
جملەدىن خطاى مستبدلرينىڭ الڭ اشلدى ريئاكسي
ئون بەغەرەز منصبدارى مسعودنى شو مستبد
تور كوم ايچيدىن چقارماسدىن 3 ولايتكە چەكسىز
يولنى ايچيب قويغانلقيمز اوچون اوچ ولايتنى
اوز ئارا بنونلەى بولوب تاشلاشقا 3 ولايتنى
ئەمەس حتى ولايتلر اچيدىكى ناحيەلرنى بىر
برىدين ئاجرتيب بولوب تاشلاشقا 3 ولايت اقت
صادينى بوزوب تاشلاب 3 ولايتنى ئاخرقى چەك
كە قدەر گادايلاشتوروشقا امكانيت بەرگەنلي
گيمز اوچون توخنالميغان عنصرلرينى ستيپ
ايلشقا تولوق امكانيت بەرگەنلگيمز اوچون
3 ولايت نچيسە اركنلك بلەن نونچولوق اشە
نى ايلب بريشقا امكانيت بەرگەنلييمز اوچون

اشپىيونلارنى، اش بوزارلرنى ايوەتشكە كەلگ
يول قويغانلقمز اوچون و باشقا شونوڭغا اوخـ
شاش بورغونچولوق بولگونچيلك فيتنە — اغ
وا لـــريغا يول قويغانلقىمز اوچون الڭ ئاخريدا
اولكيديكى خطاى عسكرلرينڭ قوماندانى سوڭ
شى ليەن قورالاندورغان عثمان و قالى بلكە
باندىتلرينى ئالتاى و تارباغاتاى ولايت خلقلرد
نڭ ماللرينى تالاپ ايلشقا خوتونلريغا باسقون
چيلق قلشقا بالىلارنى اولتوروشكە اوزلرينى خا
نە وەيران قلشقا قويوب بەرگىنمز اوچون بتمنى
بز بوزغاندورميز.

خطاى مستبد دائرلرى تنچلق بتمنى اورون
دييالا قالماسدن ئا بوگونگە قدر ۳ ولايتدە
تنچ حيات كوچورواتقان خلقلرنى بولاش تالاش
و تار - مار قلش يىڭى - يىڭى ئاوانتيوريستلق
(I) پلانلرينى قوروشدن توختالمايواتيدو. بو
يلنڭ ماى ئايىدا تارباغاتاى ولايت قوبق ناحيە
ميزگە يىڭى قوراللق هجوم بولوب خلقيمزنڭ
ماللرينى بولاب ايلب كەتتى.

املدى بز مينڭچە يتەرلك دەرجيدە صبرليك بلەن
هر خل حقارەتلرگە و مادى زيانلارغا چيديدوق.
خطاى مستبد دائيرلرى طرفيدين قوتورتو
لوب اوياتسيزلق بلەن بزنڭ ولايتلريمزدە قوراللق

بولاشچیلق هجوم قلیدیغان اشلریننی اوگوتوش
اوچون بزنڭ ولایتلریمزگه قولیغا قورال ایلیب
ارکینچیلك بلهن اوینایب كتیدیغان باسقونچیلار
نڭ جازاسیننی بریب ایکنچی ئاندااق یولغا باس
مایدیغان قیلیب قویوش وافتی ییتیب كهلدی .

شونڭ بلهن بز خلقیمزنڭ تنچ تورموشیننی تامین
ایتشیمز لازم و اولارنڭ شخصی ملکیننی ساقلی
شیمز لازم . اگر مستملیکیچی خطای مستبـــد
دائیرهلری اوزلری بقیب چوڭ قلغان ایتاریننی
ینه بزنڭ تنچ یاتقان خلقیمزنی غالجرلارچه
تالاشقا كوش - كوش سیلیب قویوب جبر ظلوم
نی خانهویرانچیلقنی تاماشا قلماقچی بولسا، منڭ
چه بز خلقیمزنڭ تنچ و خاطرجمع تورموشیننی
تامین اتمهك ئوچون املی ئهڭ كهسكن چاریلار
بلهن ئاندااق بولاشچیلق باسقونچیلق هجوملار
نڭ توهوریننی قرقب تاشلیشمز کیرهك بولودو.

بز کیینکی کونلهرده ئالتای وه تارباغاتای ولای
یتیرده بولاڭ- تالاشقا ئوچریغان خلقلریمز طرفـــ
دینمو شونوشقا ئوخشاش طلبلرنی ئورغون ئاڭ
لیدوق . البته طلبلرنڭ قهری، غضبی طبیعی وه
قانونی عدالتچیلیك طلبلریدور.

ئاز اهمیتکه ایگه بولمیغان تینچلیق بیتیمنی بوزوش
قصدیده ئوچ ولایت بیلەن ئولکولوك حکومت
ئاریسیدیکی مناسبتنی اکسکینلەشتورگەن
اوروەچی حکومتینیڭ ئیککینچی ئینتیلگەن مسئلەسی
خطای مستبد دائرەلرینیڭ 3 ولایت اقتصادی ئا
ساسینی پارتلیتیب تاشلاب، بزگە قاراشلیق یەر
لەردە خلقلەرنیڭ تورموش کوچوروش شرائی
طینی ایغرلاشتوروش، خلقلەر ئارسیدا مسلمان
مللی ئازادلق حرکت رهبرلریگە قارشی عامە
ونی نارازیلیق توغدوروش وە بزنیڭ ئاکااوکا
اوغوللریمزنیڭ، وطنداش- قریندلشلریمزنیڭ قینی
نیڭ بدیلیگە قولیغا ئالغان حقوقلرنی خلقیمز
دن تارتیب ایلیشدن عبارەت ایدی.

اقتصاد هر قانداق مملکت تورموشینیڭ ئا
ساسی فاکتلریدن بیری وە ئەڭ مهیمی ایکەنلی
گی همیمزگە معلوم. دولت مالیەسینیڭ حجمی
دولت سەرمایەسینیڭ ریجەلشیگە، ماددی ئاسا
سی مدنی یوکسولوش وە خلق تورموشینیڭ یاخ
شیلنیشیغا باغلق ایکەنلکینی همیمز بلیمز. حاضر
بزنیڭ ئینتیلشیمز مانا شونگغا یالغوز شونگغا قا
ریتلغان. لیکن مەن شونی ایتیب اوتوشوم کیرە ک
کی؛ خطای مستبد مستملیکەچیلەر قولیدن کەل
گەن بارلق یوللار بیلەن بزنیڭ کورگەنچاریلری
مزنی بوزوشقا تیرشیدو. وعلاجنیڭ باریچە بوتون کوچیە

بلەن 3 ولايتنى اقتصادى محاصرەگە ايلشقااوروتو
دو. بو محاصرنڭ كوزگە كورينەرلك بەلگو
لرى توبەنديكيلەردن عبارەت:
1— خطاى مستبد دائيرەلرينڭ ماٴمورى ادا
ريلار و ملى ارميەنڭ تاٴميناتنى بەرمەسلیگى
حكومت ادارەلرى وە ميللى قوشوننى تاٴمين
لەش اوچون صرف قلنيديغان سەرمايە بود
جيتينڭ ٴاساسى مادديلرينى تشكيل قيلش هەم
ميكە معلوم. شونڭ ٴوچۈن خطاى مستبدلرى ا
ٴاڭلق رەوشدە 3 ولايت رهبرليگى دولت اد
رەلرينى يولغا قويالمايدو. ٴاز تولا جەڭگەيا
راقلق عسكر ساقلييالمايدو؛ چونكى اونڭ او
چون نورغونليغان ماددى خراجتلەر طلب قلنيدو.
دەب حسابلاب، بزنى ناٴمين قلشنى توختاتدى.
ليكن عمليتدە نورموش وە تجريبە اونڭ عكـ
سينى كورسەتمەكتە، مەن بزنڭ كچككينە او
توقلريمزنى چولڭ قيلب وە بوياب كورسەتمە:
چى امەسمەن، ليكن مەن خلقيمزنڭ اكثرى كوپ
چولوگينڭ اركينلكلرينى وە مستقللقلرينى، او
زينڭ كوزينڭ قارچوغيدەك ساقلاشقا حاضر
ايكەنلكلرينى اثبات قيلب تورغانلقلرينى وە ٴاي
ريم مستبد عنصرلەردن باشقا هەمە خليقەمزنڭ
موشو يولدا قوربانلار بيرشكە قزغين كوڭول
لرى بلەن راضى بولغانلقلرى نتيجەسيدە بز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



خلق سەرمايەسينى صفربرلككە كەلتۈروب، بو گونكى كوندە دولت ادارەلرينى وە مللى فو شونيمزنى قوراليغانلقيمزنى كورسەتمەكچيمەن.

شونڭ بلەن بللە بزنڭ مدنى - ئاقارتش اشلريمز دېمو اوتوقلريمز يامان ئەمەس، مكتب، كينو، شفاخانە وە شونڭغا اوخشاش مدنى ـ ئاقارتش اشلريمزغا بۇدجېتنڭ 3دن برينى صرف قلماقـ لديمز. شونداق قلب خطاى مستبد دائيرەلرينڭ يزگە سەرمايە بەرمەسلن، اقتصاددن محاصرەدە بوغماق، اوزلرينى تائمين قلالماسلن 3 ولايت تشكيلى جېتلن ياشالماى اوز ـ اوزيدن بوغولوب يوقولودو ـ دەب قورغان پلانلرى تارمار بولدى.

2 - خطاى مستبد دائرلرى تا شو كونگېچە مخفي پول بلەن بهاسى چوشوب كەتكەن قەغەز ئاقچىنى كرگۈزوب 3 ولايت ماليە تو زومگە ترتيبسزلكلەر توغدورماقدا. اورومچى وە غۇلجا بازار بهالرى هەمەيگە معلوم. مەن بو يەردە اورومچى بلەن غولجا بازار بهالرينڭ اوتورسيدكى بر - ئيككى كۆزگە كورونەرلك فرقلەرنى سېلشتۇروش بلەن 3 ولايت اقتصاديغا يەتكۈزۈيواتقان تائثيرينى كورسەتمەكچى بوليمەن.

1948 — يل 15 ـ اييولغا اورومچى وە

غۇلجا بازارلىرىدىكى ماللارنىڭ بازار بھاسى:

| ماللارنىڭ اسمى | اولچەمى | بھاسى اورومچى | غولجا | پراتسىنت |
|---|---|---|---|---|
| ئالتون | سەر | 60.000.000 | 1.900.000 | 3.158 |
| تىللا | دانە | 15.000.000 | 950000 | 1.577 |
| گ.يامبو يۈز سەر | | 30.000.000 | 2.300.000 | 1.304 |
| مەلسىكىن | گەز | 500000 | 13.900 | 3.615 |
| چت (كەكئانلىك) | « | 200000 | 10.800 | 1.851 |
| سارغى | » | 4.000.000 | 144000 | 2.777 |
| قەند (چاقماق، كلو | | 600000 | 11.000 | 5.454 |
| سەرەڭگە ياشچىك | | 27.000.000 | 390.000 | 6.923 |
| ئون يوز جىك | | 2.400.000 | 130.000 | 1.846 |
| ماتا | دانە | 200.000 | 30.000 | 0.666 |
| قوي | « | 3.000000 | 200,000 | 1.500 |
| 88-چاي | « | 1.600.000 | 200.000 | 0.800 |
| توز | كورە | 300 000 | 36.000 | 0.833 |

بو رقملەر 3 ولايت دائىرىسىگە اورومچى طرفىدىن كرگوزولىواتقان قىممىتى يوق قەغەز ئاقچىلار نىڭ 3 ولايت بازار بھاسىغا قانچىلىك تاثىر يەتكوزەلەيدىغانلىقىنى كورسوتودو.

بز طرفدىن پاخال پوللارنىڭ بز طرفكەمخفى يول بلەن تاغارلاب كەلتورۆلوشىگە قارشى قلىنىواتقان چارىلار يتەرلك بولماي تورودو.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



شونڭ اوچون بو بر مسئله اوستیده نهایتی جد
دی شغوللنیشیمز ضرور بولوب تورودو.

3 – بزگه کلیواتقان قمیتی یوق ناقچیـ
غا بزنڭ ماددی ئاساسیمز بولغان قمتلك ماللریـ
مزنی سیتب ایلب بو یرده ساقلاب قویوشی یا
کی اکثری کوپچولوگینی 3 ولایتنڭ سرتیغا
ایلب چیقب کیتشی بلەن بزنڭ اقتصادیمزغا چوڭ
ضربه بیرب احوالیمزنی مرککه بلەشتورمەکدە.
بولارنڭ همسینڭ سرتیدا خطای مستبد دائر
لری بزنڭ اقتصادیمزنی اوز اچیدن بوزویتیش
اوچون جینڭ باریچه ترشیدو وه بو مقصدگه
یتش اوچون البته مستبد عنصرلەردن وه اوز
لری ئەوەتکەن تشفیونلاردن پایدلنشقا اورو
نودو. بومو البته بزنڭ ساقلنشیمزنی طلب قلیـ
دیغان اوکایسز فاکتلەرنڭ برسیدور.

اگر 3 ولایت اقتصادی قیینچلقینی ایغرلاش
توروشقا بر طرفدن بو ولایتلەر رهبرلیگینڭ
قارقاق بولوشی سبب بولوب وه دولت سەرما
یەسینڭ توغرنی وه بەلگولوك مقصدگه صرف
قلنشینی تفتیش وه نظارەت قیلب یوروش او
چون بربری بلەن محکم باغلنشینڭ بولماسلقی
اوکایسزلق توتدوروب بەرگەن بولسا، ئیککنـ
چی طرفدن بز کوزیمزنڭ قارچوغیداك ساقـ

لاشقا لازم بولغان وە مالیە انتظامینی بوز
غوچیلەر بیلەن قاتتق کورەش ایلیب بیرشقا ما
هیر بولغان اورونلنگ بولماسلیغی سبب بول —
ماقدا.

خطای مستبد دائرەلرینک بارلق اغوا ئیش
لریگە قاریماسدن بز اقتصادی مسئلەلریمزنی
یشیشیمز یامان ئەمەس ایکەنلکینی، شونک بیلەن
کون ساناب 3 ولایت خلقینک تورموش احوالی
نی یاخشیلاپ کیتیب بارغانلقیمزنی، وە خلقی
مزنک اوز ئەرکینلیگی وە مستقللیگی اوچون
قلغان کورەشلرینک نتیجەسینی سیزیو انقانلغی
نی تورموش تجریبیسی کورسەتمەکدە. لیکن
بز بونک بیلەنلا قناعتلنیشیمز وە خاطرجمع بو
لوشیمز یاریمایدو. بزنک تیخی کامچیلقیمز،
خطالقلریمز وە بزنک رەهبری خادملریمزطر
فیدین مالیە انتظامینی بوزوش اشلری تور
غون. اولار گاهیدە اوزلرینک چوتقور اویلان
میغان وە اوزلری ئاشلاپ یەتمیگەن حرکتلری
بیلەن یولسز وە اورونسز خراجەتلەر قیلیب بزنک
اقتصادیمزنک مستحکەملنیشیگەزەرریەتکوزودو.

بز رهبری مالیە خوجلوق اورونلریمزنی
کون ساناب مستحکەملەپ بیرشیمز لازم. ئو او
رونلارنی 3 ولایت اقتصادینی مستحکەملەشکە قا
ریتلغان مسئلەلەردن یشیشکە قادیر بولغان، هر

دائيم ماليه انتظامى اوچون كوزەش ايلب بار
...يغان، پولنىڭ خراجت قلنشيغا دقت بلەن قاراب
تورودىغان وە اوز واقتيدا دولتنىڭ پول وەقممت
...رسلارىنىڭ اورونسز خراجت قلنشينى توساب تا
لالايدىغان ئش تجربەسيلە سينالغان خزمتچى
...ەرنى سايلاب ايلش يولى بلەن مستحكملەشىمز
ضرور.

## 3 — خطاى حربيلرىنىڭ قورالىلق باسقونچيلار تشكيل قلىشى

خطاى مستبد دائرەلرى بزنىڭ سياسى- اقت
صادى احواليمزنى بوزوش اوچون بارلق يول
لارنىڭ هەمەسيدن فايدلانيدو- دەب يوقوريدا
ئەيتىب اوتكەن ايدىم.

اوزىنىڭ حيوانچيلق شخصى منفعتلرى او
چون خطاى مستملكەچيلرىگە ستيلغان، بزنىڭ خل
قيمزنىڭ دوشمەنلرى خائن، اغواگەر عثمان وە
قالى بيكلەرنىڭ وحشيلكلرى وە قورالىلق باسقون
چيلق هجوملرى نتيجەسى هيچ قايسيمزنىڭ ئسيمز
دن چقميغان فاكتلار اوستيدن توختاب اوتمەى
بولمايدو.

خطاى مستملكەچيلرىنىڭ زنجيردىكى ئيتى، خطاى
فاشيستلرىنىڭ تاپشوروغينى ئارتقار غوچى —
داگنيتي خلق دوشمەنى عثماننىڭ باسقونچيلق

حركتى ئالتاي ولايتينى قاندىاق محتاجلق و خا
فه ويرانچلق احوالغا ايلپ كەلگەنليكينى كور
سەتمەك ئوچون شو حقدىكى جهتلەن بر ايكى
رقيمنى كەلتورسەك كفايه قيلدو.

ئالتاي ولايتى عثماننك بولاكچيلەر توپى
تالاپ كەتكەندن كيين يور گوز ولگەن تكشوروش
اشلرى، قاراقچيلەر خصوصى كشيلەرگە
10,575,367,741 اولكه دوللارى بوندن باشقا
حكومت ادارەلريگه 2,942,342,949 اولكه دوللا
رى زيان يەتكوزگەنليكينى كور سوتيلدو. بو
لارنك هممەسيدن تاشقرى وە ايغرى بو باسقونچينك
ئاياق ئاستيدا قاشوكونگيچه كوكتوغاى، چين
گيل، بورولتوغاى ناحيەلريدن زورلوق بلەن
هايداپ ايلپ كەتكەن بزنك ئاغا- اينيلريمز، ئا
چا- سينگللريمز ئاتا- ئانالريمز ظـوم و دەرت
تارتماقدا. موندىاق جفادا قالغان ئادملريمزنـك
سانى 3694 عائيلەدن عبارت بولوب 17,813 كشى
حسابلنيدو. اولار بلەن برگه قو شوب هايداپ
كەتكەن مالالارنك سانى 33420 باش ئات، 6,555
باش سيير، 17212 تۇياق قويدن عبارتدور. اوز
لريگز كوروب تورويسزلەر، منا بو بزگەيللق
بودجەننك 3دەن برينى تشكيل قيلپدىغان مقدار
دا نهايتى نورغون زيان يەتكوزدى. ماددى باي

لقنى تالاب كتشدن تاشقرى عثمان خطاى مس
تملكه چيلرينڭ تاپشوروقيغا بنائەن ئالتاى ولا
يت خلقيني قاتتق دزجيلە دەشتلك روشدە قور
قوتماق اوچون قيلغان زورلوقلرى، باسقونچيلق
لرى، ئادم اولتوروش ئشلرى، تينچ ياتقان ئادە
لرنى استهزا ئيتشكه اوخشاش وەشيلەكلرى
هميگه معلوم. اولارنڭ كوپچولوگى مطبوعاتدا
اعلان قيلينب، جاڭ بوجاڭغا ايوتيم بريلگەن
ايدي. خطاى مستبد دائيرەلرى اونى اعتبارغا ا
ئالمايلا قالماسدن و بەلكى بتونلەي چريب كەت
كەن مسلەكسز ئادمگه ياردملەشدي. و تاشقى كون
گيچه ياردمليششنى دوام قيلماقدا. خطاى مستبد
لرى طرفدن عثماننى قانداق يول بلەن تيار
قيلغانلقلرى واونڭ باسقونچيلق هركتى جريانيدا
ئونڭغا خطاى مستبدلرينڭ قانچەلك يادم قيلغانلق
لرى توغرولوق كانكريت يوسوندا تولوق حجتلك
دەلللەر بزگە معلوم.

اڤ پولاتدىك اوچوقفاكنلەرنڭ برمونچەسى
تاريخى ئوتموش ترتيبى بلەن ئالتاى ولايت
وناحيه خادملرينڭ طلبيدە يزيلغانلقيدن مەن اولر
اوستيدە توختاب تورمايمەن.

ئالتاينڭ حاضرقى احوالى بلەن اوتموشنى
سيلشتوروب قاريغاندا ئالتاى خلقى اوز كوچى

بلەن ئالتاي اقتصادىنى اوز عكسىگە كەلتوروش
شكل ايكەنلكىنى كوروندوب توردو. شونىڭ
اوچون ئالتايغا ياردم كيرەك ايكەنلىكىنى بويردە
ايتميسىاقمو بىلب ايلش ايغر گەپ امەس اەـكا
ئيتيمز بلەن حسابلىشب توروب كوچيمزنىڭ يەتيشيـ
چە ئالتاي ولايتيگە بز ياردم قيلدوق. بزبويار
دملەرنىڭ الڭ ضرور احتياجلق جايلارگە فائيدە
لانغوسى دەب اميدقىلىمز. ئالتاي خلقى عثماننىڭ
خقيقى يوزينى ئاخرقى چەككە قدر اوچوق
كوردى. وحاضرقى كوندە ئالتاي خلقىنىڭ اشلى
دوشمەنى عثماننىڭ ايكەنلىكىنى ياخشى توشەندى.
عثمان هيچ قانداق مۇوافقيت قازينالماي 3
ولايت خلقىنى ازىزىگە قارشى قىلب ئالغانلغىنى
و بتون اولكە خلقىنىڭ نفرتيگە يولوققانلقىنى
كورگەن خطاي مستبد دائيرەلرى باشقا يردن
حركت قىلب كوروشكە قرار تاپدى. اونلرنىڭ نيز
دە. تاپقان ئادمى ساوەن ناحيەسىنىڭ حاكيمى
وفاسز قالىبك ايدى. اونىڭ خودى عثمانغە اوخ
شاشلا سيتب ئالدى. خطاي مستملكەچيلرى —
بيەندىيلا ئالتاي واليسى عثمان ئوزىگە قارشى
بولاچقلق ايشيگە توكلچىلك قلب چقان ونسا
املى ساوەن ناحيەسىدە، اونىڭ حاكمى چىقيغان
بولسا و اونىڭ ياردمچيسى و المانچيسى خلق

قینینی ایچشکه خومار بولوب یورگه‌ن اوروش پرست استبدادچی گوره‌ك خطای مستبد گنیرالی سوكشی له‌ن ایکه‌نلیگینی بلمیگه‌ن خلق شبهه گه توشوب قیلیشی احتمال، شونك اوچون اگر قالی بك اوز ینك یپقنلرینی اویوشتوروب باسقونچیلق هجوملرنی بله‌ن 3 ولایت خلقینی بولاب تالاشقا کرشسه‌و اوروب اولتوروب قوروتیوه‌رسه ( اولرنك خام خیالیچه ) بزنك خلقیمز بونگغا چیداشلیق بیره‌لمه‌سدن تاچ یالاگغا چلقدن قینلیب، خانه‌ویران قولغا تالغان ارکینلك حقوقلریدن واز کیچشکه مجبور بولودو — ددب اویلیغان ایدی. لیکن بوقیتمه‌و خطای مستملکه‌چیلری واوروه‌چی حکومتیدیکی مستبد عنصرله‌ر چونگقور یینگیلدی.

بولاکچی قالی بك و بالاحمزه گه اوخشاش اونك باسقونچی همرالری بزنك مللی قوشونیمز قسملری طرفیدن تارمار کلتورولوب اونك سوقاسیغا چیدیالمای بت‌چت بولوب قسمن اسیرگه ایلینب قالغان قاتقانلری ما ناسنك فیریسیغا قاچدی.

شونداق قیلب خطای مستملکه چیلرینك 3

ولايت خلقى ئاريسيغا زيديتچيلك توغدوروب او
لارنى اوز ئارا قرغينچيلققا سيلب قويوب تماشا
سيني كورمەك بولغان پلانلارى تارمار بولدى.
مەن قالى بك و عثمان باسقونچيلريغا خطاى
مستبد دائيرەلرينك بەرگەن ياردملرى حقيدە
تفصيلى توختيماقچى امەسمەن. مەن اويلايمەن
بو حقدە ئارتوق ملاحظە قيلب اولتوروشنك حاجيتى
يوق بولسا كيرەك. هرحالدا اشكارا شوندا تورغوچى
خطاى عسكرلرينك قوماندانى گنيرال سونگشى لەن
واونك يوگەنسزتوديسى شخصا اوزلرى ماددى و
معنوى ياردمدە بولغانلقلرى و بزنك خلقيمزنك
دوشمەنلرى عثمان، قالى بك و اولارنك قويروقـ
لرينى خلقيمزنك روحينى توشوروشكە و3ولايت
خلقينى يكيلەشدن قوللوققا توتوب بريشكە
قوترتقانلقلرى همەگە معلوم. مەن بو يردە بو
حركتلەر اوستيدە تولوق توختيالمايمەن. چونكى
اولەرنك همەسى تفصيلى روشدە گنيرال جانگ
جى جونگغا 1948نچى يلى 17نچى فيورالدا يزيلغان
خطدە تولوق بيان قيلنغان ايدى.
مينگچە بويردە خطاى مستملكەچيلرينك بز
گە قارشى قاريتلغان ينە برانك چريگەن قباحتچە
لك يولينى كوزدن كوچوروب اوتدوك. بو اوياتـ
سزلق بولسيمو شانسز—شرفسز بت-چت بولدى.
ليكن بو تاريخى سباقلەرنى كوزدن بر كوچوروش

بزگه مغرورلینب کوره‌لمه‌ش اوچون امه‌س، و
بلکی موشو سباقله‌رنی ئه‌سله‌ب ینه شونداق مکر
لك، قباحتچیلك، اویاتسزلق، تویوقسز اغوا و حر
کتله‌رنڭ پیدابولوش احتیمالی بارلقینی اعتبار
غا ایلب، هرقانداق تصادفی احوالغا قارشی خلقیمز
ذاتی عادتیدیکی تورموشیغا زیان یه‌تکوزمه‌یدیغان
حالدا قورقماسدن ئه‌ندیشه‌سز تشکیللی سوفقا
بریشکه دائیم تیارتوروش اوچون سیاسی، اقت
صادی و حربی احوالیمزنی مستحکمله‌ش یولیدا
تریشچانلق بله‌ن به‌لنی محکم باغلاب ته‌ر چقریب
اشلیشیمز اوچون کیره‌ك بولودو. عثمان وقالی
بکلمه‌ر تیخی حیات، امما اولاردا امدی یوتیدیغان
هیچ نرسه‌سی قالمیدی. بشونڭ اوچون اولار ینه
برقیتم توکلچیلك قیلب بیفشدن باش تارتمایدو
چونکی بویرده اولارنڭ اولقی ئابرویلری قایتا
حاصل بولمایدیغانلقینی، بویردیکی خلق اولار
نی اوز قوللری بله‌ن سوز قیلیدیغانلقینی اولار
نهایتی یاخشی چوشونیدو. اولارنڭ ایلگری —
خطای مستملیکه‌چیلری بولسا اولارگه بیکار تماق
بریب بقیشنی خالیمایدو. و اولارغا بیریواتقان
کییم — تماق بدلیگه اولاردن «خزمت» طلب
قیلیدو. اولارغا تاپشورولغان خزمتسزلرگه مه
لموم هروقت بزطرفدن اولجا تیپ کیلش یاکی
هرداییم 3ولایت خلقینی اندیشه‌ده ساقلاش او

چون بولاب، تالاب، اوروب؛ اولتوروب زورلوق
قیلیشدن عبارت.

٨ — اولکەدە ملی زیدیەتچیلك
اوتینی یقیشی

اولکەدە «میلك — سو — پلك — دیلك» سیاستی
اعلان قیلینغاندن کین یوز گوزولگەن ملی سیا
ست هممەگە بەلگولوك. ملی زیدیتچیلك اوتینی
یقیش، ملتلەر ئارا بربریگە قارشی اوچلوك زە
هرینی چیچیش، قینی بر قەبیلەر ئاریسیدا بربر
یگە دوشمەنلرچە اوچلوك قیلیشینی بو قەدر
پوددب بریشی قازاق بلەن اویغور،
قرغز بلەن قازاق، اونکدین نیری حتی بر
قازاق ایلینڭ اچیدیکی اوروقلرینی اوز ئارابر
بریگە دوشمەن قلب زیدیەتچیلكینی رەحمسز
قانلق باسقونچیلققا قدەر ایلب بریش اشلری
بزنڭ وطنیمزنی خطای مستملکیچیلری استیلای
تب، خلقیمز اوستیدین اوز حکمرانلغینی اورنات
قاندین کیینکی تاریخیمزنڭ هممەسیدە موندا ق
کولەم وە مقیاسدا اوچ ئالدۇرولغان ئەمەسلگی
نی بو یەردە تاکیدلەپ اوتوشکە توغری کیلیدو.

خطای مستبد دائیرەلری قازاق خلقمزنڭ تار
تاقلیغیدین فایدیلینب خلقمزنڭ قالاق اوروقچی

لك حسیاتی اوستیده اویناب بر اورووْنی، ایککه
چی اوروغا قارشی قویوش اوچون، بزنڭ خل-
قمزنڭ منفعتینی « حمایه قلغان » وه ئایریم
اورووْ یاکی قبیله‌لرنیڭ « غه‌مخوری » بول غان
ب-ول-وویلب، کوچمه‌ن خلقلر ئاریسیدیکی او
رووچیلق مناسبت وظیفه‌لرینی اوته‌شدیکی فه‌رز
لریدین فایدیلانغانلقلری همه‌گه معلوم .
بز اوتموشدیکی تاریخیمزنی ئالیدیغان بول
ساق خطای مستملیکیچیلری اورووْلار وه قبیلیله‌ر
ئاریسیدیکی زیدیه‌تچیلیکنی کوچه‌یتوروب، قانلق
چپلش اوتینی یقیش اوچون ایلڭ اوال اورووْ
باشلقلرینی بر بریگه یامان کورسوتوب، بری
نی بریگه عمرلوك دوشمه‌ن قلب برینی بریگه
کوچ - کوچله‌پ قویوب بولارنڭ اوز ئارا سو
قوشلرینی اولغایتب، اورووْلار ئاندین قه‌بیللر
ئاریسیغا او تکوزوب قویوب، هر ایکی طرفیدن
پارینی ایلیویریب، بولارنڭ اوز ئارا اوروشلری
نی تاماشا قلب اوز سلطنه‌تینی یور گوزه‌تتی. هر
دائم خطای مستملکیچیلری تشبث قلغان موندااق
اوروشلاردا بزنڭ ایلڭ معتبر دانه زادلریمز هلا
کتکه اوچراب. مستبد یالاقچی عنصرلر خطای
چیریکلرینڭ یاردیمی بلمه‌ن غلبه قازیناتتی. اوت
موش مستملیکه دوریدیکی تاریخیمزشونداق ایدی.

بز بیتمگە امزا قلنغان کونلەردە اولکەتا ریخیمزنك بوداغلق صعیفەلری اوتموش بولوب قالار دەب اویلیغان ایدوك.

خطای مستبدلری صحنیدین اوز اختیارلری بلەن چوشمەیدیغانلقینی یاخشی بلگەن بولساق مو لیکن، بیتمنی امزا قلغان کونیدین باشلاب رسمی ئادەملر بوزغیلی باشلایدو — دەب اویلیمیغان ایدوق. عملیت اونك عکسینی کورسەتتی بتمنی 18 — اییوندا اعلان قلب، برنچی اییول کونی نهایتی چوك داغ — دوغا بلەن تنچلق بتم بایرامینی اوتکوزوب ئاریدین ایککی کون اوتمەیلا بتمنك تیکشلیك ماددیلرینی بو زوب، ساوادسز، پاسکینا، منصب فرست اشلی استبدادچی بەغەرەز خادیواشنی بر طرفلیمەاو رومچی ولایتینك و الیلق وظیفەسیگە بەلگولیــ لدی. اونك ئارقیسیدینلا اولکولوك حکومت اعضالرینك هیچ بریگە خبر قلماسدین، اولکو لوك حکومت ترکیبیگە مالیە نظارتینك ناظرلیق وظیفەسی بلەن حکومت اعضاسی صفتیدە ساواد سز مستبد متیعصت جانمقان کرگوزولدی.

اگر بر کیچیك بالغیمو — برنك مالیە مزنی ادارە قلش اوچون اوزینك بارماقلرینك قانچە ایکەنلیگینی سازاشنی بلمەیدیغان ئادم مالیەنا..

ضى بولوب توروردو. — دەيدىغان بولسىڭىزكو
لوب كيتەر ايدى .

بو بر كولكولوك ايش، لەيكن بو بر اي
چىنارلق فاكت، قازاق خلقىنىڭ اچىدىن حتى جان
تەكەى اوررويدىن ساوادلق و ترقى پروررارباب
تىپىش مەكىن ئەمەسىدى .

البتە سوزسىز مەكىن ئىدى. لەيكىن اول-
كە مالىيەسىدە ترتيب بولوش مستبد دائىرەلر
نى زادى خوش قىلمايدو . چونكى، مستملكچى
لەر اوچون اولكىدە تنچ، ترتىبلىك تورموشقا را
ضى بولوش، اوزلرىنىڭ اولوم حكومىگە راضى
بولوش بىلەن برابردور. شونوڭ اوچون اولار اول
كىدە ترتىبسىزلكىنى دوام قىلدورماق نىيتى بىلەن
« كيم بولسا بولسون، مستملكچىلەرنىڭ صادىق اي
تى بولسون » دىگەن پرىنسىپىنى محكەم توتوشقا
مجبوردور .

شونىڭ اوچون اوز اورروڭىنىڭ « منفعتىنى حما
يە قىلغوچىلەر » خطاى مستبد دائىرەلرى طرفى
دىن سيتب ايلىنب اولارنىڭ صفىگە اوتوش بىلەن
لا، اوز خلقى بىلەن چوڭقور قارىمو — قارشى
لق احوالغا چوشوب قالىدو .

مثلا: نىمە اوچون قازاق خلقىنىڭ ھەمەسىنىڭ
حقيقى منفعتىنىڭ حمايەچىسى؛ قازاق خلقىنىڭ اچى

لە مشهور بولغان مرکزی اورومچی قازاق-قر
غز مدنی ئاقارتیش اویوشماسینڭ رەئیسی ترقی
پرور ایلغار فکرلیك، همینڭ حرمتیگە ایگە قاسم
افندم خطای مستملیکچیلری طرفیدین قوغلاند-
دی بولودو . و جان تەکەی اوروقیدین مچکلپ
لیغان اویلرنی خانە ویران قلغان یوزلیگەن جان
تەکەی قزلریغا باسقونچیلق قلغان خطای مستە
ملیکچیلرینڭ قول چوقمیغی بولغان تویماس بو
لاشچی مولقی عثمانني، جان تەکەی جانمقان
حرمت وە حمایە قلیدو.؟ دیگەن سوال دەررو پیدا بولودو
اولکولوك حکومتنڭ رەئسلیکیگە خطای مستبدلری
نین مسعودنڭ بەلگولینشینی ینە مثالغا ئالالوق.
اولکولوك حکومت رەئیسلیك وظیفیسگە بر
طرفلیمە بەلگولەش مسئلەسی بتمنی قوپاللق
وە قباحتلك بلەن بوزوشدین عبارت فاکت بولسپ
مو، خطای مستبدلری بر طرفدین اونی بو او
زونغا بەلگولەش بلەن اولکیدە مستبد، ظلم سیا
ستینی و مستملیکە احوالینی ساقلاپ قلیش او
چون اولکینی ادارە قلش تیزگینینی محکم اوز
قوللریدا ساقلاشدین عبارەت ایدی، ایککنچی
طرفدین اویغور ملتیدین بولغان اوزینڭ ایشەن
گەن، صادیق ئادەمینی یوقوری کوتوروش بلەن
اویغورلرنڭ اوزینڭ برلیك صفینی ایکیگە بو

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



لوب، ملی ئازادلق برلیك صفینی بوزوشدین وه تفریقه ئایلاندوروشدین عبارت ایدی.

خطای مستبد دائیره‌لری ملی زیدیه‌تچیلیك اوتینی کوچه‌یتش اوچون، اونی پوده‌ش بله‌نلا قناعت قلماسدین، شونك بله‌ن بلله یه‌رلیك حکومت اورونلریغا عمومی خلق سایلاملری اوتکوزولگه‌ن واقتدا سایلامدا یقیلب، منصبلریدین ئایریلب قالغانلار اچیدین وجدانسزلرنی ستیب ایلب، خلق ناریسیدا صنعی گروهلار تشکیل قیلب بولگونچلیك سیلشقا اورونُدی. یینگی خلمتکه اورونلاشقانلارغا قارشی کونا منصبدارلارنك قوراللق توقونوشقا قله‌ر تشکیل قلغان اغوالری هه‌مه‌گه معلوم.

خطای مستملکیچیلری اونداق اغوا تشکیل قلالمای بهانه قلیش اوچون حادثه توغدورالمیغان جایلریدا، اوزلرینك عادتدیکی اصوللری بله‌ن خلق نسویتوب سایلاب ئالغان ئادملریگه چاره کوردی. یکی سایلانغان حاکملارنی وه ساقچی باشلقلرینی باغلاب ئاپاقلریغه کیشه‌ن سلب، ناحیه‌لردین ایلب چقب کتتی. خوتن، پوسکام، مارالباش، قه‌شقه‌ر وه باشقا جایلاردا شونداق احواللار بولدی.

قارغیلق ناحیه‌سینك یینگی سایلانغان حاکیمی یارکند ناحیه‌سینك یینگی سایلانغان حاکیمی وه یارکند

كند ئاقسو ولايتلەرنىڭ نورغون ناحيەلرنىڭ يېڭى ساي
لانغان حاكملرى وە كېڭەش اعضالرى خطاى عسكرلرى
نىڭ باشلقلرى طرفندين ناحيەلريدين هايداپ چقريلدى.

تورفان، پېچان، توقسون ناحيە خلقلرىگە
قلنغان زورلوق وە قانلق فاجيعەلىك اغوالارهمە
نىڭ ايسيدين چقميغانلقدين وە چقمايدىغانلقدين
مەن بونوڭغا اوخشاش فاكتلار اوستىدە توختاپ
تورمايمەن.

جنوب بلەن چەكلەنمەسدين، خطاى مستملىكەچلرى
شونوڭغا اوخشاشلا سياسىتىنى 3 ولايت دائرەسى
دە يورگوزمەك بولودو.

بونوڭغا، بزنىڭ خلقمزگە قارشى يورگو
زولگەن يېقنقى باسقونچلقلار وە تا شو گون
گىچە نورغونلىغان اشپيونلار، اغواگرلر وە بوزغون
چىلارنى ايوەتىپ تورغانلىقى فاكتلق دەليل بولالايدو.

بشونوڭ بلەن بز، خطاي مستملىكچىلرى يال
غوز جنوبدىلا ملى ضديەتچلك اوتىنى يېقش،
بولگونچىلك سىلاش سياستىنى يورگوزو اتقان
ايچىنىشلق فاكتلرىنى پەيدا قلىپلا قالماسدين اولار
بارلق كوچلرى بلەن 3 ولايت دائرەسىگە كريپ بزنىڭ
خلقمزنىڭ تنچ تورموشىنى بوزوشقا اورنوديغانلغى—
نى تاعكيدلەپ اوتوشىمز لازم بولودو.

حاضرقى كونلەردە بتون اولكە بوينچە 3

ولايت خلقيغه قارشى قورقوتوش، خلقچلق فكر
ديكى مسئلەلارنى عامەوى قاماش؛ حكومت ادا
رەلريدين ترقى پەروەر ئادەملەرنى هايداش،
مسلمان اهاليغا قارشى اغوا اويوش ئوروش وە
خلقغە سغمايديغان يالغان بوهتانلارنى، چاپلاب،
هرخيل توهمەتلەر بلەن تنچ ياتقان اهالينى
قيرغنغا توتوش اشلرى داوام قلماقدا.

بولارنڭ هەممىسى بزنى بونوڭدينمو چڭ
راق اويوشوب، ملى ئازادلق حركتنى بوغوشقا
قصد قلغان، 3ويلايتنى قايتا قولچىلقا چوشو
روشكە اوروناقدا بولغان مستملكەچيلرنڭ توز
واتقان پلانلريغا تشكيلى سوققا بيرش اوچون
تەيار توروشقا مجبور قليدو.

كوچ برلكدە بزنڭ خلقمزنڭ قوۋتىنى بر
لەشتوروب اوروش پرەست اغواگرلەرگە قار
شى صەفربرلكدە كۆرەشوروشمز لازم.

مستبدلەرنڭ اغواگرلك حركتلرى خلق
نڭ بولەشكەن صەپىنى قانلق سۆزگەنلەرنڭ اچ
راب ئار - مار بولغوسيدر.

1948 - يل اوكتەبر (برنچى سان اتفاق
ژورناليدن).

# اولوسچيلار كيملەر واولار اوز ملتيگە قانداق خيانت قليدو

## خلقمىزنىڭ ئازادلق حركتى، و اونونڭغا اولوسچىلارنىڭ قلغان خيانتى

مسعود، عيسى واولار بلەن بلــله قوربان قوداي، چكەگز، غولام حاميلەگە اوخشاش ان گيلس تاماكوسىنى چەككەن، ئامريكا پيواسى نى ايچكەن، مستملكەچىلار كيېمىنى، كيگەن ايكى ئادم سوزلوشوب تورسا قولاقلرى ديك تورغان بو تورد كوم شبهەلىك عنصرلار اورومچي گە كەلگەن واقتلريديلا خلق اولارنىڭ يوز روش — تورۇشىغا قاراب، اولاردين قاتتق نەف رەتلەنگەن ايدى . او واقتلاردا خطاى مستملي كەچىلرىنىڭ قامچىلرىدىن تەب تورغان قان تى نخى قوروماغاچقا اولاردين احتيات قلغان خ.ق نىڭ دەردى اچىق، ايدى. بنيم بولدى ، خوف كەلدى، تونچوقتوروب تورغان مستملكەچى

بلەن تورمەسىنىڭ اشىكى قىيا اچىلىشى بىلەن، او
قوشقا، كرگەن ساف ئەركىنلىك هوا سىدىن نەفەس
ئالغان اسىرلەردە يېڭى روح، يېڭى قوۋەت پەيدا بول
دى . اولار باشلابقى كونلىدىلا بتون قەھرى
غەضىبىنى خطاى مستەملەكەچىلەرىدىن ئارتوغراق
گويا ملك بر قىنچىلىقىدا اوزاق محنت قلب نور
غون تەرلەرىنى ئاققوزوب اوزوق تىرىم، اونى
ايغر مشقەتلەر بىلەن پىشرىپ ، اندى يەيمەزدەمو
تورغان ئاشقا اوغو سالىپغان خائىن ئەنە شو
لار دەپ بلىپ ، بتون وجودى بىلەن اولارغا
قارشى، چىقدى : حقىقەتدە، مستەملىكىچىلەردىن ازى
لىپ تورغان خلقلەر . اوزلەرىنىڭ ازغىنلىق
لرىنىڭ نورغون يىللىق كورەش تجربەسى
و طبىعى سەزگوسى بىلەن خلقىمز باشلىدىنلا
بلگەن ايدى : لېكن غولجا طرفدارلىقى ئازاد
لق كورەش صفىگە اختلاب توشمسون دېگەن
مقصددە مسعود، عيسى لار بىلەن مرسە قاغىنىنى
كورگەن خلق اوزىنى برلا توختاتقان ايدى.
بر طرفدن مسعود، عيسى واولارنىڭ شايكىلارى
انقلابى ويلايەتلەر بىلەن مركزى حكومت ئىنچلىق
بتم توغرولوق مذاكىرە يورگوزوانقان واقتلەر
دا، غولجا وكىللەرىنى خطاينىڭ اچكى احوالى
بىلەن توتوشتورغان بولوب، اولارنىڭ اچىگە

کریب اولارنڭ طلبلارینی بلیویلیپ ایلیپ خطای
طرەفکە یەتکوزوش وظیفەسینی اورونلیسا،
ایکنچی طرفدن منافقلەرچە انقلابچیلارنی ماخ
تاپ، اولارنڭ ئشەنچیگە ایگە بولوشقا ترشیدی
لەر. غولجا و کیللری دالدیدا ژیلانچە، تولغو
خوپ، قانچیلق ایتدیك دەکیلەپ، تولکیلك قی
لپ، « بز یورت، ملت قایغوسیدا یوردوق .
دەلدی بزنی بو پەردین سیلەر قوغلیماسقلار،
بز ملتنڭ فائیدەسی اوچون پادیچیلق خدمتی
بولسیمو دارتقورساق » دیگەن یومشاق سوز
لریگە قاراپ غولجا و کیللریمو، حقیقتدە بولار
دا ملت، وطن محبتی بار بولسا، بولار کوپ
یللردین بری وطندن دایریلیپ یەندی یەنە او
نکغا خیانت قلماس دیگەن فکرگە کیلیپ،
اونکەن 10 — 15 یل بولارنی بر نرسە او
گەتکەندور دیگەن اوبی نەتیجەسیدە اولار
بلەن مرسسە قلشقا باشلیدی. بولارنڭ: « بز
ملتچیمز »، « بز خالقچیمز »، « بز انسانیة
چیمز » دیگەن شعارلرینی کوروپ، حقیقتدە
بولار بلەن حرکت برلیگینی تامین ایتیپ کیتە
لەیمز دیگەن امیدنی قلدی. غولجا و کیللرینڭ
اولار بلەن باشدا مرسسە قلغانینڭ داساسی
سەوەبی دەنە شو ئیدی! لیکن بر یل اولار

بلەن برگە اشلەش نەتیجەسی اولارنڭ هیچ نر
سە اوگەنیگەنلیکینی، قارغولارچە یورتنی هلا
کتکە ایلیپ ماڭیدیغانلقینی واولارنڭ اوز مقصد
لریگە یتیشیش اوچون ملت قنینڭ دەر
یالاب ئیچیش بلەن هیچ کاری یوق ئادەملەر
ایکەنلیکینی، اثبات قلدی. اولاردا قاچیللک پرینه
سف، زەرەچە وجدان یوقلغینی اولارنڭ هر
کت تجریبەسی عملدە کورسەتدی: دنیانڭ
قابسی بورجیکینی ئالمالك، قایسی ملتنڭ مە
لەك ایگەسی اربابلرینی ئالمالگ — اولارملی
ئازادلق مسئلەسیگە کەلگەندە ئیزیلگەن ملت
ئازادلق حرکتی اوتوق قازینپ کیتب بارغان
پەیتلە مللی ئازادلق کورەش صفینڭ برلیگی
نی تاءمین قلماق اوچون بارلق کوچینی سە
رف قلیدو. حتی، اوزینی قربان قلشقا راضی
بولودو. اگردە بو «ملتچیلەر» دە ملتیگە
محبت بولغاندا، البتە اولار اوز ملتینڭ ما
ئازادلق حرکتی موفقیت قازینپ کیتب بارغاند
دا، او حرکت قانداق شکیلدە بارمیسون شو
چوك اوتوق قازینپ کیتب بارغان صفنی مە
تحکەملەشکە و بارلق زالای مسئلەلرینی شو
نڭ یولیغا برلیگنی تاءمین ئیتش اوچون سی
لنب بەرگەن بولار ایدی. اولار عملدە نیمە
قلدی؟ ەکسچە خطای مسئلەیکەچیلرینڭ بول

گونچونوك دوتارىغا اوسول اويناپلا منصبدى دەپ ملەتنى چوڭ ھالاكەتچىلىك خوفى ئاستىغا قويدى. خلقىمىزنىڭ اوتتۇقالۇق ئازادلىق حركتىگە چوڭ خيانت قىلدى. مستملىكەچىلەر ملى ئازادلىق حركتىنى بوغۇش و بتونلەى يوقوتوش اوچون، بر طرفدن مستملىكەچىلرنىڭ تۈپ نيەتلرىنى سياستدن بى خبر بولغان نادان ئادملرنى ئالداپ، اولر خلقدىن بايلىق يەردوقدە، بىر اوروكوم خلقنى اوزنىڭ ئارقىسىدىن ئەرگەشتوروپ خلقىمىزنىڭ مستحكم ملى ئازادلىق برلىك صفىگە بولگونچولوك سالىش مقصدىدى بلەن بولسا ايكىنچى طرفدىن اوز منفعتىگە قايچى كەلمەيدىغان ملى ئازادلىق حركت موفقيەتىدن قورقوپ بوزى يەپ كەتمە كەتسون، ساقى بولمسون دېگەن پرينسىپنى ئالدىغا قويوب اوزىگە زيان بولسىمو بوزلىك خلقىمىزگە هيچ نرسە بەرمەسلىك پرينسىپنى قاتتىق تسوۋقان منبى خطاى مستملىكەچى دائىرەلرى نورغون يللار چوڭ مستملىكەچىلەر بيقوب، ئاسراپ كەلگەن جەلگورلردىن فائدىلنش ۋاقتىق قارارىغا كەلدى. جەلگورلرنىڭ بىرى اولگونىڭ يوقارقى حاكميت اورنىنى اشغال قىلغاندىن كىن اوزىنىڭ كيلەچەكيدىن قورققان خلق هلاكتكەنىڭ ئاللەيغى ئيلىش اوچون قارشىلىق دولقونى كوتەردى.

غولجا طرەفى خالقىمىزنىڭ بو حركىتىگە بى
طرف بولوب يەنە خلق دۈشمەنلرى بلەن مرسە
سەچىلىك قىلىش مسئولىيەتىنى اوز اوستىگە ئې-
لىشنى موافق كورمەسلىن اولار قانونسز اشغال قىلغان
حكومت تركىبىگە كرىشنى لايق تاپماسلىن،
اوزلرىنىڭ قارشىلىقىنى بيان قىلدى.
خالقىمىزنىڭ هەممىسى غولجا، ترەف وكىللارىنىڭ
بو حركىتىنى بۇزدى — بىر خلقنىڭ منفعتىنى حمايە
قىلىش اوچون قاترىلغان حركت دەب بلاب او
لارغا بولغان اعتقادى، ئىشەنچى يەنەدە بردەرە
جە ئاشدى. ئەيرىم قالاق ئادەملر يمز، خلقى
مز ئاراسىدا بۆلگونچىلىك سېلىش اوچون، وە
ئاڭگىنى زەھرلەش اوچون هيچ نرسەدن تارتىنماي
قالەواتقان تشويقاتلرىگە وە اولار اختيارىغا برىب
قويغان مطبوعاتلاردا مستملكەچىلرنىڭ صادىق
ئىتلرى — مسعودقا اوخشاش خلق دۈشمەنلرى
نىڭ، قوى ترىسىنى يېپىپ كورسوتوشكە اورونوش
لرى: مسعود افندم زمانىدا بتون ياخشىلىق اش
لارنىڭ ئاساسى قورولوشقا باشلىدى. .. »: «يورت
خلقى، مرگزگە قاريتا ئورقەمر بەردىڭشەكەر!»
دىگەنگە اوخشاش چىرايلىق سوزلەر، شېكەر
اورنىغا زەھر بېرىواتقانلىقىنى ئايرىپ ئالالما
غان ئاڭگىمز يېتىلشقان — ئايرىم ئادەملرىمزنىڭ -

غەرىبچە طرەف نيمە ئۈچۈن بۇلارغا دۇشمەنلىك
قىلىدىكەن، الله تبارك وتعالى: «إنما المؤمنون
اخوة فاصلحوا بين اخويكم» دەپ تۇرسا، بۇلار
مسلمانغا دۇشمەنلىك قىلىشنى ئويلىغا، ئولار
بىلەن مرەسسە قىلسا بولماسمۇ؟ دېگەن ئويغا
كېلىشى مۇمكىن بز اولارغا شۇل ئايەتنىڭ يۇقۇرى
سىدىكى ئايەتنى ياكى سورە التوبەدىكى، يا ايها
الذين امنوا لا تتخذوا اباءكم واخوانكم اولياء
ان استحبوا الكفر على الايمان ومن يتولهم منكم
فاولائك هم الظالمون، دېگەن ئايەتنى اسلەپ او
تۇشنى اوتونيمز. اولار دوشمەن صفىگە اوتكەن
بەردىن بولغاشقا اولارغا-شى طرەفدە، تۇرغان
دوشمەنلەر دېمەك اشلىدىرەك دوشمەن بولوپ حساب
لانىدو. الله تبارك وتعالى پەيغەمبەرلەرىمىزگە، اولار
غا نسبتا رەحمسىز بولوشنى بويرويدى: «يا ايها
النبي جاهد الكفار والمنافقين واغلظ عليهم وما
واهم جهنم وبئس المصير» ئاندالىق بولغاندىن
كېيىن بىز مسلمانلىكەچپىلەر بىلەن بىرصف تشكيل
قىلىپ خلايمىزنىڭ قانى بىلىپگە ئالغان اركىنلىك
حقوقلارىنى قايتا ئالىپ ئېلىشقا قەتئىي قوغوچى
منافقلار بىلەن بىرلەشمەي رسمە قىلىش يەنە مۇمكىنمۇ؟
البتە مومكين ئەمەس. زادى نيمە ئۈچۈن او
لارنى بىز دشمن حقيچىمز خلقچىمز دەپ واقىراپ عملدە

خلقیمزنڭ ئازادلیقیغا قارشی وه اوز ملتیگه
قارشی، خائنچیلیق سیاستیگه قارشی حرکت
قیلیدو؟ اونی بیلمك اوچون «افندیلەر» کیملر،
کیمنڭ فائیدەسی اوچون خدمت قیلیدور؟ کیملر
نڭ امری بیلەن حرکت قیلیدیغانلیقینی یاخشی
چوشونوش وه بیلیش لازم.

افندیلەر کیملر، وه نیمه اوچون او
لار اوز خلقینڭ منفعتیگه قارشی ئیش قیلیدو؟

بو سوئالغا جواب بیرمك اوچون اولکیمزنڭ
جغرافیەوی احوالی وه 70 - 80
یللیکی خلق ئارا احوال بیلەن بر
توتوشوب چقماق لازم.

بیزنڭ اولکیمز شمال وه غربی شمالدا
سسسر بیلەن شرقی شمالدا مانغول خلق
جمهوریتی، شرقده گەنسو، شرقی جنوبدا
چینگخەی اولکیسی، جنوبدا تیبەت، هندستان،
غربده ئافغانستان بیلەن چیگرداش اولکیدور.
بیزنڭ اولکیمز خطایلر طرفیدن استیلا ایتیل
گەن وقتلاردا انگیلیزلەر بیلەن فرانسوزلەر هند
ستانی ناپیشیب مادراس اطرافیدا زەمبره کلر
ئاتشماقدا ئیدی. تیخی بیزنڭ غربی شمالدیکی
خوشنیمز ئابلای خان ئیدی، تیخی خطای دولتی

مستملكە ئەمەس ئېدى، تېخى ئافرىقا قطعە-
سىنىڭ ئىچىگە ئاۋروپالقلاردن ھېچ كىم كىرىپ
باقمىغان ئېدى. قسقىسى دېيارلىق مستملكەچ-
لەر طرفىدىن بولونوب بولونمىغان. تېخى ئەنگلى-
يەگە ئوخشاش چوڭ مستملكەچى دولەتنىڭ ئالدى-
غا ئوتەلىگەن ھېچ كىم يوق دور ئېدى. ئو
نىڭدىن كېين كوپ سولار ئۆتۈپ كەتدى. دنيا
احوالغا نورغون ئوزگەرشلەر كىردى. ئەنگ-
لىزلەر ھندستانغا مستحكم ئورونلوشوب بولماي
تۇروب، ئوننىڭ چوڭ مستملكەلەرىدىن
بىرى - شمالى ئامېرىقا قوشماشتاتلارى، ئەنگلىز مس-
تملكەچىلەرىگە قارشى قوزغولاڭ كوتورۇپ،
استقلالىت اعلان قىلدى. ئەنگلىزلەر ئامېرىكادا
تقان زېمىنىنى قايتەماق ئوچون بارلىق كوچى-
لەن ئافرىقانى اشغال قىلىشقا ۋە باشقا جايلاردىن
مستملكە ئېلىشقا ئالدىرايدو. ئاوستراليە، كاپ،
مالتا، گيويانا، مالايا، ناتال، كېپ گىنىيە، بى-
چو ئالىند، بېرما، نىگىرىيە، شرقى ئافرىقا،
شىمالى بورنيو، رودزىيا، ئوگەندو باشقالار-
ۋە باشقالارنى ئۆز ئەردىكى يەرلىك خلقلارنىڭ ئانا-
لىرىنى دريالاب ئالقەوزوب ئەنگلىزلەر تارتىپ ئالى-
دو. فرانسوزلار ئالجىر، غربى ئافرىقا، ماداگاس-
كار، ۋە ھىندىچىنى خطايلارنى تارتىپ ئالىدو.

چاروسيه حكومتى؛ قازاق يوزلرى، قوقان ،
بوخارا وەخيوا خانلقلرينى بيسىپ ئاليدوە 19 -
عصرنڭ ئاخرلريغىچە يەر كوررەسى جهانگير دولة
لر طرفيدن بولونوپ بوليدى. اما 19 - عصرنڭ
ئاخرلريدا بورونقى كوهنا جهانگير دولتلر بلەن
مسابقە قيلائالارلق - يڭى جهانگير دولتلار پە
دا بوليدو. (گيرمانيە، ئامريكا قوشما شتاتلەرى،
ياپونيە) بولار يەر كوررەسىنى كوهنا مستملكەچى
لـر ئبولوپ ئيليپ بولغانلقدن، مستملكەسز
قيلشيدور. يڭـى جهانگير دولتلار ترقى تاپـ
قانسيرى دنيا مستملكيلرينى قايتيدن بولوپ
قلشنى، طلب قيليدو. كوهنا مستملكيچلر ئوز
مستملكيلرينى ساقلاب قيلشقا ترشيدو.

كوهنا مستملكەچيلردن قورال كوچى بلەن
ئولارنڭ مستملكلرينى تارتيپ ئيلش پلانينى
قورغان. يڭى جهانگيرلردن برى يڭى تر
قى تاپقان گيرمانيە جهانگيرليگى 20 - عصرنڭ
بشيدا ئوزانڭ ئوروش حاضرلغينى كوروپ
بولغان ئيدى. ئوبرطرفدن كوهنا جهانگير
دولتلرينڭ ئوزئارا بولغان قاريمو - قارشيلغي
لدن فايدلنيپ ايكنچى طرفدن اول تيخى، حا
ضرلق كوروپ بولميغان فرانسيە وەروسيە
جبلەن تزالكەن، ئوروش باشلاب ئولارنى يڭيپ

بولغاندىن كېين انگلىيە بىلەن اۇروش باشلاش
پىلانىنى قورغان ئىدى، خصوصەن 1914 - يىلى
ئۇرۇش باشلاشدىن اول، گرمانىيە انگلىيەنى
دەرحال سەكرەپ ئۇرۇشقا كرىدو دەپ ئويلى
مىغان ئىدى. چونكى انگلىيەنىڭ مستملكەلرى
دە ئو ووقتلرىدا خصوصەن ئىرلاندىيەدە، احوال
ايغىر ايدى، شونىڭ اوچون گرمانىيە، روسىيە
فرانسىيە، وە انگلىيە، مستملكلرىدە جاسوسلوق
اشلرىنى كوچايتىپ ئالدىنى ئىلىپ تيار گرلىك
كوروشكە باشلايدو. روسىيەنىڭ توركستان كرايى
غا، انگلىيەنىڭ هندستانىغا قارىتا تيارگەرلىك
ايشىنى ايلىپ برىشىغا ئىلىك قولايلىق جاى شىڭ
جاڭ ئىدى. 1 - جهان ئورۇشى دەورىدە گېر
مانىيەنىڭ اتفاقچىسى توركىيە ئىدى. ئەنە شولە
توركىيە، گرمانىيەگە شىڭجاڭدا توروپ ياردەم
ايشىش خدمىتىنى مسعودقا تاپشورور يىلىدە
مسعود قانچە تريشىپ اشلىگەن بولسىمو، برن
چى جهان اوروشىدا گرمانىيە تار - مار بول
غاندىن كىين، او ايگىسز قالىدو. لىكن ئارىدى
دىن اوزاق واقت اوتمەى اونى كوهنا ئاهىرىسە
بلەن ايزلەپ كىلىپ گرمانىيەنى مغلوب قىلغان
انگلىيە تېپىپ ئالىدو. چونكى او منگىلدە اڭ
گلىيە اوچون ئاندىق بر ئادم شىڭجاڭدا ضرور
كرەك بولوپ قالىدو. سبب برنچى جهان او

روش دوریده، انگلیه‌گه اتفاقچی بولغان نیکا
لای 2 — 1917 — یلی تختیدن ئغدورولوب
صادق روسیه ایمپریه‌سی اورنغا یکی، سووت
لر حکومتی پیدا بولیدو. بر کوره‌سینگ
هر قانلق بورجیگیده انقلاب چقسا، دررو
باستوروشقا ئالدیریغان انگلیه حکومتی، یکی
پیدا بولغان سوویتلر حکومتینی باشیدا پیدا
بولوش بلن یوقوتوش مقصدیده سوویت
حکومتیگه قارشی ایش ایلب باریدو. سوویت
حکومتی توغولغان کوندن باشلاب بتون دن
یا جهانگیر دولتلرینینگ کوزیگه نهایتی سه‌ت
کورنودو. سبب، سوویت حکومتی حکیمتنی
قولغا ئالغان کوندن باشلاب، مسالمه‌چیلك
سیاستیدن اوزینینگ کچیشینی مستملکه‌چیلك
سیاست باشقیلارنینگ یرلرینی تالاب ئالیدیغان
تاعادیللق سیاست ایکنلیگینی اعلان قلیدو.
هوندق سیاست جهانگیرلرنینگ سیاستیغا خوف
یتکوزیدیغان سیاست بولغانلقدن همه جهان
گیر دولتلر بیرلیشب اونی یوقوتوش پلانینی
قورودو. انگلیزلر اوچون هندستاندن ئایریلش
اوزیمی - اوزی اولتوروش بلن برابر ئید
دی. هندستان انگلیزلر طرفدن استیلا ئید
لگه‌ندن تارتب ملی ئازادلق قوزغولانگ غول
غولیسی بیسلمای تورغان هندستانغه، یقین خوش

بۇ جايدا مستەملىكەچىلىك سىياستىگە قارشى سىيا
ستىنىڭ تۇغۇلۇشى، ھىندىستاندىكى ملى ئازادلىق
ھەرىكىتىگە چوڭ تاثىر يەتكۈزۈشى احتمال ئى
دى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھىندىستاننى سوۋيت «زەھ
ەرىدن» ساقلاشقا مەككار قىسىر سوۋيت «زەھ
ەرلىرى» ھىندىستاننى بىراقلاشتۇرۇش كېرەك
ئىدى. طبيعى ئۇنىڭغا ئىككى قولاى جايى دى
ۋاسطە ھىندىستان بىلەن سوۋېت چېگرىسى نا
ۋاليغىدا ئورۇنلاشقان قولاى زەئىپ شىنجاڭ
ئىدى. شىنجاڭ خلقى ئارىسىدا سوۋيت حكو
متىگە قارشى ھەر قانداق حركەتلەرنى تۈزۈپ
قارقىنىش ئۈچۈن ئادەم كېرەك ئىدى. سوۋيت
حكومتى يېڭى قورولغان ۋقتلاردا شىنجاڭدا
«سوۋيت حكومتى توغرولوق شونداق ھەكايەلەر
بار ئىدى. مەسەلەن: روسيەدە سوۋەت حكومتى
قورولوپتو، سوۋەت حكومت دېگەننىڭ معنىسى
ئولارنىڭ بېشىنىڭ ئوتتورسىدا بىر كوزى بار قو
لىغا سوۋەت كوتۈروپ يورودىكەن. يالغوز بولوفقان
ئادەملەرنى ۋە كچىك بالالارنى سوۋەتكە سېلىپ
ئېلىپ بېرىپ يەيدىكەن. شونىڭ ئوچون سوۋەت
حكومتى دەيدىكەن» دېگەن ارخشاش. لېكن
خطاى مستملىكەچىلرىنىڭ قوللوقىدىن قوتولالماي
تورغان شىنجاڭ خلقىگە سەن گرمانيەگە يا
كى انگلىيەگە قول بولىسەن دېسە، ناداناق ئا
دەمگە ھەرگز ئەگەشمەس ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



شونىڭ اوچون شنجاڭ خلقینىڭ خطای مس-
تملیکه ئاسارەتیدن قوتولوش اینتلشیغا لایق-
راق، شونىڭ بلەن بللە سوویت حکومتیگەقار-
شی کوتوروشکه ماسلیشیپ کلیدیغانراق شعار
کیرەك بولوپ، ئانداق شعارلارەو تیارلانغان
ایدی. « روسیه توپریغیدیکی تورکلەرنی و
شنجاڭدیکی تورکلەرنی ئازاد قلیپ عثمانلیه
تورکلەر دولتی ئاساسیدا اولوغ تورك دولتی
قوریمز » دیگەن شعاردن عبارەت ئیدی. مس-
تملیکەچیلرنىڭ منفعتینی حمایه قلماق اوچون
منا موشونداق ئەفسانەوی ئاوانتیورستلق پلان-
نینی عملگه ئاشوریمز دەپ، یورتیمزنی او-
روش میدانیغا ئایلاندوروپ، خلقیمزنی خانه
ویران، ملتنی هلاکتکه ایلیپ باریدیغان خیال-
دا یورگەن مسعودنی هیچ کیم ئەگەشمیدی.
تاریخ ترقییات دولقونی مسعودنی اولیکه قرغ-
قیغا اوروپ چقریپ تاشلیدی. او، اوز خو-
جاینلرینىڭ ئالدیغا قاچدی. هندستاندا او هیچ
قانداق فائیده کەلتورەلمەیدیغان بولغاشقا، ئو-
نىڭ خوجاینلری اونی مرکزی خطایغا بیەردی.
اندی باشقا دروازیدن کریش پلانینی قورغان
خوجاینلری اونی مرکزچی قیلیپ قویدی. لیکن
ایکنچی دنیا اوروشی بتون دنیا خلق ئارا اح-

والغا يەنىمۇ باشقا اوزگورۇش كەرگۈزدى.
ايكنچى دنيا اوروشيدا سوويت ئارمىيەسى ئاتاغ
لىق گيتلىر گرمانيەسينىڭ ئارمىيەسىنى و ياپون
جهانگىرلىگىنىڭ ئاتاغلىق ازمىيەسىنى تار — مار
قلغاندىن كيين، سوويت حكومەتىنىڭ ئابرويى
غايت دريجەدە اوسوب كەتتى. دنيا انسانيەتچى
ليگىنىڭ اشددى دوشمىنى گرمانيە فاشىزىمى
و شرقىدىكى «ياءجوج — ماءجوج» ياپونميلى
تارىزىنى تار — مار كەلتورولگەندىن روهلا
غان مستملىكە اللەردە كوچلوك خلق ئازادلق
دولقونى كوتورولدى. برنچى و ايكنچى دنيا
اوروشى دورلريدە ئانچە كوچ چقارماي دوشـ
مەنلەر بلەن سودا قيليپ كەلگەن دوش
مەن و باشقا ئاوروپا دولتلرىنىڭ بايلقينى بان
كلريغا سولاپ ئالغان ئامريكا قوشما اشتاتلەر
حكومتى، ئامريكا دولتىنىڭ همه جهانگر دولت
لردن اوتوب كەتكەنىنى كوروب، اوز — اوزا
نى انگليز مستملىكەلرىنىڭ قانونى مراسخورى
دەب بيلىپ هولوققانيدىن دنيا حكمرانلق پلانلرى
نى قوردى. او، اوروش دوەباقىنى چيلىپ ئاسا
سەن سوويتكە قارشى اوروش ميدانلرى حاضرلى
ماق اوچون سوويت دولتى بلەن چيگرداش تور
كيە، ايران و شنجاڭلارغا قول سوندى.

ايكنچى دنيا اوروشيدن كيين اوز مستەملكە-
لريدە كوتورولگەن ملى ئازادلق قوزغولاڭ-
لارنى بيسش بلەن ئاوارە بولغان و ايكنچى
دونيا اوروشيدا زەعيفلەشكەن انگليز حكومتى
ئالدنقى تشەببسكارلقنى ئا.ق.ش.غا تاپشوردى.
شول جملەدن كرەكلك جايدا ايشلەتش اوچون
مسعودنيمو قوشوب ئامريكا حكومتىگە تاپشو-
ريلدى. مسعود ئامريكالقلار اختيارىغا اوتكەن
واقتلريدا ئامريكالقلارنڭ قولى ياپون اوروش
ميدانلريدن بوشيماسدن مسعود چونچوندە كو-
توب توختاب قالدى. چونچيندە توروب بيكار
ئايلق ئاليسون دەب مسعودقا ئامريكا افيتسر-
لريگە فاحيشە خوتون تيپب بريش وظيفەسينى
قوشومچە يوكلەب قويدى. اوز ملتينى موندا-
ق ووەن توشوب كەتكنيگە عضبلەنگەن عيسى-
سەن توركستان اويوشمەسينى فاحيشە خانە
قلديك دەب اورونلوق بلەن اوروب، مسعود
اوغلى ئارتوغرولنڭ بشينيمو يريب قويدى. شون-
داغديمو بو پەس كەتكەن اول وظيفەنيمو ئو-
تەب يوردى. ياپونمو تسلم بولدى. ئامري-
كالقمو قولى بوشادى. بزنڭ قەھرمان ملى ئا-
زادلق قوشونيمزنڭ شيخونى ايلاب اوروەچى-
گە ميكچتو ديگەن خبرينى ئاڭلغان مسعود،

اوزىنىڭ اوغلى ئارتوغرولنى يول باشلاوچى قىلىپ ئامرىكا افىتسىرلارى بىلەن شىڭجاڭغا قارىتىپ يولغا سالىدۇ. بو ئارىدا مەركزى حكومەت وەكىلى بىلەن بىزنىڭ وەكىللىرىمىز ئارىسىدا تىنچلىق صحبەت باشلىنىپ تىنچلىق بىتىم امضا قىلىنىدۇ. ئامانلىن ئىساء رىكا حكومەتىنىڭ ئاپشوروغى بىلەن مەركزى حكومەت حىمايەچىسى بولوب مەسعودمو شىڭجاڭغا كېلىدۇ.

مەسعود شىڭجاڭغا كېلىپ خصوصەن حكومەت بوشىغا چققاندىن كېين، ايۇنىڭ اوروەچى يېنىدا اول تورغان ايلى خلقىنىڭ سويەكلارى بىلەن تۆكۈلۈپ قانلىرى بىلەن سوغورولوب چو سېلىنىڭ اوستورگەن ئاباد بىغى، ئامرىكا افىتسىرلىرىنىڭ حربى اشتابىغا ئايلانىدۇ. شىڭجاڭنى ئامرىكانىڭ اوروش بازاسىغا ئايلاندوروش پىلانى باشلىنىدۇ.

دوستىيەنز سوويتلەر حكومەتىگە قارشى فتنە — فسادلار باشلىنىدۇ. حتى ئامرىكالقنىڭ ئماكىسى قوتىغا سولانغان پىواسى، زاژىكالكا سى (تاماكو يانىدورودىغان) خاتونلەر پەردازى اسبابلارى بىلەن تولغان اوروەچى بازىرىدا سوويت اتفاقىدىن چققان ماللارنى ساتقان سودىگەرلەرنىڭ ماللارىغا كىرەسىن توكوب كويدوروب ايتىش حادىثەلرىمو بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



اولکه احوالینی سنجی روشلیه مرکزکه بلهش
توروب اولدیگه نورغون عسکر ایلیپ چقیش مق
صدی بیلهن غولجا طرفکه قارشی، نسور غونلو
غان اغوالر تشکیل قلنب غولجا طرفکه یالغان به
تانلرنی چاپلاب شول مناسبت بیلهن اولکهدیکی
نورغونلیغان الغار فکرلك ئادملرنی سزلر غول
جا طرفکه یاردم قلدیکزلر دهب تورمیلهرگه
سالدی.

مرکزی حکومت بیلهن غولجا وکیللری اوت
تورسیدا توزولگهن بیتمنی قوپاللق بیلهن بوزوب
ایلی طرفکه ایکنی قتم قورالالق هجوم قیلدی و
ئامیریکا جهانگیرلیکیگه شرجالك اوروش میدانی
قیلش اوچون کیرهك. اگرشرجالك اوروش می
دانی بولوب قالغان تقدیرده بویهردیکی خلقنك
احوالی قانداق بولماق؟ ملت هلاکتی دیگهن
شونهمهسمو؟

شونوك اوچون وطننك هر بر عزیز فـر
زهندی شرجانکنك اوروش میدانیغه ئایلینشیغا
توتون وجودی بیلهن قارشی توریدو.

اگرده مسعود حقیقتده ملتینی سویگوچی و
ملتچی بولیدیغان بولسا اولکه اوروش میدانیغا
ئایلنش خوفیده و ملت جهنك میدانیدیکی ئـا
فتلارنك تویاق ئاستی بولوش خوفی ئاستیدا!

تورغاندا اوزينى ئارتماسقىيدى ئەگەر او، اوزيد
نى ئارتالمايدو. و ئارتمايدو. لېكين وطننىڭ ئازاد
لقينى سويگوچى خلق، اونىڭغا اوخشاش كومنانات
خانەنىڭ قفەسنى تمور ئارابا بلەن ايليپ تاشلايدو.

بوگونكى مركزى حكومت دامريكا جهان—
گيرليكينىڭ تمور پەنجيسيگە تولوق و محكم
كريپ كەتكەنچكە مسعود مركزى حكومت حمايە
چىسى بولوپ شنجاڭدا ئيش ايلەپ باريدو.
عيسىنىڭ ترجيمە حالى مسعود نىڭكيگە اوخشاپ
كيليدو. ليكين عيسى، مسعود دين ياخشيراق بو
لغاشقا ئو برنچى دنيا ئوروشى ئالدىدا گوما
نىە جهانگيرليكيگە خدمت قياپ ئولگيرەلەيدى.
باشقلارنىڭ «انقلابى حركتلرينى» ئاريخچيلار
يازار، هر حالدا ملتينى سويگوچى ملتچى
اوز ملتى، ملى ئازادلق انقلاب مەيدانيدا هوا
فيقيت قازينىپ كەتەپ بارغان منكيلده اونىڭ
اوتوقلاريغە شادلينار و اونىڭ ملى ئازادلق
برلك صفيني مستحكملەش اوچون بارلق ووجو
دى بلەن خدمت قلار ايدى. ليكين مستملیكە
چيلەر «افنديلەر» گە ئاپشورغان ئاسباسى،
وظيفەسى سوويت حكومتيگە قارشى كورەش
اليپ باريش بولغاشقا اوزينىڭ ملى منفعتيدن اولشو
لارنىڭ ئاپشوروقنى اوروندا شقا اولار مجبوريدر.

## بىزنىڭ جغرافىيە احواليمىز بىزدىن نېمەنى طلب قىلىدو؟

بىزنىڭ جغرافىيەوى احواليمىز بىزدىن الڭ اول بىزنىڭ اولكومىزنى اورش مىدانىغا ئايلاندوروشقا قطعى يول قويماسلقنى طلب قىلىدو.

خصوصەن ئامېريكا جهانگىرلىگىنىڭ سويت حكومىتىگە قارشى ئورۇش بازىسىغا ئايلاندورشىغا يول قويماسلغىمىزنى طلب قىلىدو.

بىزنىڭ جغرافىيە احواليمىز بىزدىن بىزبىلەن خوشنا بولغان پۈتۈن دولتلار بىلەن خصوصەن سويت حكومىتى بىلەن دوستانە موئامىلىدە بولىشىمىزنى طلب قىلىدو.

بىزنىڭ جغرافىيە احواليمىز بىزدىن بىزنىڭ ملى ئازادلق حركتىمىزنى پۈتۈن خلق ئارا احوال بىلەن حسابلىشىپ خلقىمىزنىڭ منفعتىنى مضمونىدىن نزاعەدىن قاچش ئاساسىدا اش الىپ بېرىشىمىزنى طلب قىلىدو موشو پرنسىپلەر ئاساس بىلەن ئىش الىپ بارمىغان هر قانداق ئادم ئۆز ملتىنىڭ غمخورى و حمايتچىسى بولالمىدو. افندىلەر بىز بىلەن ئۆزۈنىڭ ئۆزۈن قورغاقلقىدا بى واسطە چېگرداش بولغان اولوغ سويتلەر اتفاقى و مانغول خلق جمهوريتى بىلەن دوشمەنلىك پوزىتسىيەدە بولوپ، بىز بىلەن هيچ قانداق مناسبتى هيچ قاچان بولمىغان —

بىزدىن يىگىرمە مىڭگە يىقىن كېلىۋېتىر اوزاقلاپ ئاتور
غان مۇستەملىكەچى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە بىز
نى اولارنىڭ اوز يېرىدىكى بىزوارلەردە ياشاۋات
قان ھىندىلەر و ھەر ساعەتدە لىنچە قايىن-ش
خەۋفى ئاستىدا تۇرغان نىگىرلەرگە اوخشاش
قول قىلىپ بېرىش و بەلكى شەك جاھىدى سو
ويت ھۆكومىتىگە قارشى ئۇرۇش بازىسىغا ئاي
لاندۇرۇپ بېرىپ مىللەتنى بىتونلەي ھالاكەتلىك
يولغا باشلىماقچى بولغان و اولوغ خوشنامىز
سوۋېتلەر اتفاقىغە قارشى تجاوزچىلىق پوزىتس-
سىيەدە تۇرغان ئادەملەردن اوز مىللىتىگە ياخشىلىق
كۆتكىنى بولامدو؟ ئامېرىكا جاھانگىرلىكى اولكە
مىزنىڭ مۇستەملىكە احوالىدا ساقلانىشى و خلقى
مىزنىڭ مەھكوم بولوشىنى خالايدىغانلىقىغا —
اورومچىدە چىققان «اويغان» گزيتەسىنىڭ،
عبدالحد مخصوص ئامېرىكا مخبرلىرىگە الىپ با
رىپ بەرگەن واقتىدا «اويغان» گزيتەسىنىڭ
اوستىدىكى ئاي يولدۇزنى كوروب «بىزگەمود
داق مۇستەقىللىق طلب قىلىدىغان گزيتە كېرەك
ئەمەس!» دەپ ابرغىتىپ تاشلاپ بەرگەن بىر
كىچىك حادىسە مثال بولالامدو؟

ھەممىگە اومۇرىيتا كسىيون مۇستەملىكىچى ھۆكو
مىتقو اگر اونداق بولمىغان تقدىردىمو بىزنىڭ

ئاتا ـــ بابالریمزنڭ «یراقدیکی تۇغقاندن
یقیندیکی خوشنا عزیز» دیگەن مقالی بار
ئەمەسمو؟ بز تنچلقنی دنیا خاطرجمعلیگینی
سۆیگەن خلق شو تنچلقنی دەب استقلالیت
دیگەن سوزدین کیچب بتمگە کەلگەنمز؟ بتم
ئاساسیدیکی، یوز گوزولیدیغان خلقچیلق سیاست
ئولکە خلقینڭ طلبیگە موافیق کیلیدر.

بزنڭ ئولکینی ئامیریکا جهانگیرلرینڭ
سوقوش بازیسیغا ئایلاندوروشیغا هیچ قانداق
ئاساس قالدورمایدو. شونوڭ ئوچون بتم، ئوروش
پرەست، میلتارستلار ئولومینڭ حکمی بولغاشقا
ئولار هر تورلوك یوللار بلەن بتم شرطلرینی
ئوروندیماسلققا، چیدیماسلق قیلشقا ئورونیدو.
شونوڭ اوچون ئولار ئوزلرینڭ ئاگیتلرینڭ یا
ردیمی بلەن خلقیمزگە بتمگە ئاساسەن بریلگەن
حقوقلارنیمو ئاز کورسەتمەك وەبتمنڭ اهمیتی
نی یوقتا چقارماققا ئورونیدو. خلقیمزنڭ ارکن
لیك چاملیمیغا پوتلای کاشاك بولیمەن دەب خلق
چیلق ترقیاتنی توسماقچی بولغان مسعود، ع-
سی لەر کبی ستلما عنصرلەر جمعیت ترقیات چا-
رقینڭ ئاستیدا دەپسندە بولوب هلاك بولغوسیدور.
خلقیمز نور غونلیغان ئاکا- ئوکا قلرداشلرینڭ
قنینڭ بدیلگە ئالغان ارکنلك حقوقلرینی هر

گز چیرایلیق سوز، قوروق وعدیلەرگە تیگشەی
گیسیدور . ئولوسچیلارنڭ قیلغان خیانەتلاری
خالقیمزنڭ مستحکم ئیرادیسیگە وە ارکینلیك كـ-و
رەـ یولیدیکی برلك صفیگە هیچ قانداق تە
ئیر یەتکوزەلمەیگو سیدور. ئولکیدە خلقچیلق
سیاستنی ئورموشقا ئاشوروش، بتم شرطلارینی
تولوق ئورونداش ئوچون خالقیمز تنچ خاطر
جمع ئورموشنی تەمین ئەتش اوچون ئاخرقی
بر ئامچی قانی قالغانغا قدەر كورەش الیب با
رغوسیدور. البەتتە خالقیمزنڭ بول كورەش ئوتوق
لوق و غالبەلیك بولغوسیدور.

1948 — یل (اتفاق: ژورنالی 3–سانیدن)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# غولجا شهر بى واسطه عموەى مكتب اوقوتقوچيلريغا ئو. قا. ق. كلوبيدا سوز لەنگەن نطق

محترم و محترمه اوقوتقوچيلار!

بوگون سزلەر بز بلەن كوروشوب فكر ايلشيش اوچون توپلانغان ايكەنسزلەر. رهبرلەر بلەن بزنڭ ياش اوسمورلريمزنى تربيەلپ-گوچى اوقوتقوچيلارنڭ يولوقوب فكر ايلشبتوروشى ضرور مسئلەلەرنڭ برى، چونكى سزلەرگە كيلەچەك دولت ايگەلرينى، كيلەچەك جمعيت خزمتچيلرينى تربيەلەش شرفلك وظيفەسى يوكلەنگەن، جمعيتنڭ كيلەچەك توزومى، كوز قاربشى و شونگەيكى بولبديغان مناسبتلەر حاضردن سزلەرنڭ دولت ئيگيلرينى تربيەليشيـڭزلەرگە باغلق مسئلە. بز كيلەچەكنى قاياققا باريمز، مقصديمز نيمە؟ و مقصدگە قايسى او

سوئال بلەن يتيمز؟ منا شو مسئلەلەرگە اوچوق جواب برەليگيدەك تربيەلەش نيشانيني بيليشيمز كيرەك.

تربيەلەش نيشانيني بيلمەي ئالغاندن كيين تربيەلەنگوچيني توغرى يول بلەن ايليب بارغيلي بوليدو.

بونڭ اوچون سزلەر بلەن پات—پات يولوقوب توروشيمز لازم ايدى. ليكن وقيت يار بەرمەيدى. بو گونكى بزنڭ برنچى قيتملق كوروشوشيمز. كيلەچەكدە پات — پات كوروشوب توروشيمزغا يول ئاچيلدو دپ اويلايمەن.

بزنڭ ئالديمزديكي ئەڭ مهم ايشيمزنڭ بری تربيە مسئلەسى. تربيە يالغوز خلقنيلا تربيەلەشدن عبارت امەس، تربيە كيلەچەكنڭ ايگەلريني، جمعيتنڭ فائيدەليق اعضالريني يتشتوروب چيقشني مقصد قيليدو.

تربيە فوق العاددە مهم مسئلە حسابلنيدو. شونڭ اوچون بتون دونياديكي جمعيت ئەربابلري تربيە مسئلەسيگە ئايرمچە دقت قيليدو. ئەگەر تربيە جمعيتنڭ ئەڭ ئلغار كيتيب بارغان يولي خەتچيل فكريديكي ئادەملەرنڭ ئارزو قيليب يورگەن نظريەلريگە بنائەن ايليب بريلسە شو يول بلەن خلق عاممەسى منفعتينڭ حمايەچيلري بولغان ئوسمورلەر تربيەلنيدو.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەگەر دولت تۈزۈمى — جەمئيەتنىڭ ترقىسى تاپقان باسقوچيغا لايق بولميسا ئەگەر دورنىڭ ئىلغار نظريەلرينى قبول قيلب ئالميسا خلقچيل توغرى فكريديكى ئادملەرنىڭ ئارزولرى ئيلەك بو ييچيلا قاليدو.

ئەيتا يلوق ئەنگليەنىڭ 16نچى عصر ديكى متفكۇرى تومسمور، ئيتاليەنىڭ 17نجى عصرديكى متفكورى كومپانيلا و 18نچى عصر ديكى فرانسوز متفكورلرى ژان-ژاك روسسو، موليير منابولەرنىڭ ھەممسىنىڭ الوغ ئيديەلرى اولرنىڭ يللريدن ئوزاقغا بارمايدو. و اولارنىڭ اورانلرى عملگە ئاشمايدو. ياكى روسيە ئيمپريەسى دەو ريديكى يعنى 19نچى عصرنىڭ اوتتورسيديكى اولوغ خلقچيل فكرديكى ئىلغار كەتكەن انقلاب چيلەر چيرنشيوسكى، گريتسين و باشقالرنىڭ فكرلرى، نظريەلرى، تيلەك و ئارزو بويچە قاليدو.

ئەگەردە جەمئيت ترقياتينىڭ باسقوچيغا دو لت تۈزۈمى موافقلاشقان جاى بولسا شو دولت نى رسمى تونيغان مفكورەسى ئاساس حسابلينب تعلم ئالغوچيلەرگە شو يول بلەن تعلم بريليدو. دولت هر قانداق جمعيت قاتلاملەرنىڭ تويپسيدەتو رودو. «دولت هيچ قانداق طبقەنىڭ منفعتى او

چون اشاتمەيدو » ديگەن نظريەلەرنڭ هيچ بر ئاساسى يوق ايكەنليگينى تجريبە رەد قيلغياى بولمايديغان دەليللەر بلەن اثبات قيلماقدا . هر قاندا ق يڭى جماعتچيلك توزوم — كونيسى بلەن قاتتق كورەش قيلش نتيجەسيدىلا موجود بولو دو. ديمك دولت حاكيميتى اوستيدە رياكسيون مستبد كوچ حكمرانلق قيلب تورغان جايدا، او نڭ خلقچيلق روحيغا قارشى بەلگولەب بەرگەن تربيە اوسولى خلق عاممەسينڭ منفعتيگە موافيق بولالمايدو.

تربيە مسئلەسيگە بز ئايرمچە دقت قيليدز خلق وكيللرينڭ بتموقتيدا تعلم-تربيە اوستيدە 10—15 كونلەب تاليشب اولتورغان كوزلەرى بولدى. ئەگەر تربيە — دولت اچيديكى جمعيت قاتلاملەرنڭ ئايرمچە منفعتينى كوزدە تو تمايديغان بولسا، اونڭ اوستيدە تاليشيشنڭ حاجتى يوق ايدى. ئەنە شو تربيە اوستيديكى مسئلەدە بزنڭ وكيللەر مزاكيرە تالاشقا توشوب قالدى. نتيجەدە ئشيمز حق بولغاشقا، تربيە اوستيديمو يڭيب چققاندن كيين قارشى طرف اونى عمليتدە يورگوزمەسلككە تريشدى-

سزلەر ئەركين 3 ولايتدە اوز ئەركيڭزلر بلەن تربيە اشينى ايلب كيتب بارغان خادملار

بولغاشغا اونىڭدىن خەبەر يەتكۈزلەر بولماسلىقى مەكىن، امما جنوب و اورومچى طرفلەيكى اوقوتقوچىلار مستبد قارشى طرفنىڭ تربيە اشىنى بىز واسطە اوز منفعتىگەقارشى قاريتشقا اورونغانلىقىنى كوندولوك تورموشلاريدا ايغر جفالەر بلەن باش لاريدىن كوچورەكلە . و اوز كوز يەز بلەن كوروب كەلدوك. منابو عكس كوچ ، خلقچىلىق، برابرلك روحيدىكى تربيە گەقاتتق توسقونلوق قيليدو.

ئەگەر اوياقدا تربيە اشىنى توغرى يولغا سالىدىغان، ياش اوسمورلەرنى خلقچىلىق، ئەركنلك روحيدا تربيەلەيمەن، اولارنىڭ قول ئەمەس ايكەنلىكىنى كورسوتوب، برابرچىلك ئاساسيدا تربيەلەيمەن دەيدىغان بولساق بونىڭ اوچون تربيە نيشانيغا توسقون بولغان كوچنى ايلىب تاشلاش كيرەك و عمومى تربيە بريش اوچون حاكمىيتنى خلقنىڭ قوليغا ايلىب بريش و كيلەچەك اوچون فائيدەلىق اولادتيارلاش اوچون تربيە مقصدينى خلق منفعتيگە قاريتش كيرەك بولودو.

شونىڭ اوچون تربيەنىڭ سياست بلەن باغلىنيشى يوق دەب قاراشقا اورون قالمايدو. تربيە، سياست بلەن محكم باغلانغان بولوب، تربيەنىڭ مقصد نيشانەسىنى سياست بەلگولەيدو. ئانداق بولغاندىن كيين ياش اوسمور لەر گە

بېرىلىدىغان تربىيەمىزنىڭ ئاساسى مقصىدى ئەنە شو
خلق عامەسىنىڭ منفعتىنى حمايە قىلىشقا قارتىل-
غان بولوشى كېرەك.

بىزنىڭ معلملرىمىز تربىيەنىڭ سىياسى نىشانىسىنى-
نى تولوق حالدا مجاكىمە قىلىب چوشەنگەن بو
لوشى لازىم. بىزنىڭ تربىيەچىلرىمىزنىڭ ئەركىن توغ
رى و خلقچىلىق روحىدا تربىيە بېرىش امكانىيتى-
گە ايگە بولوب اشلىگەنلىكىگە 4 يىل بولدى.
بو جريانىدا بىز ياش اوسمورلرىمىزگە قانداق
تربىيە اوسولى بىلەن، قايسى نىشانغا قاراتىلىب
تربىيە بېرىلىب كىتىب بارغانلىقى حقىدە ياخشى تو
نوشالمىدوق. و تولوق نظر سالالمىدوق.

تربىيە مسئلەسى بىزنىڭ جمعىتىمىزدىمو اڭ مهم
اورونىنى اشغال قىلىدو. لېكىن بونىڭ مهم جايى
بىرمونچە شرائطلەرگە بىنائەن بىزنىڭ تربىيە اش
لرىمىزگە مناسىبەتلىك اورونلەردە نورغونلىغان ايغر
مداخلە ئىشلىرى بولدى. بىزنىڭ انقلابىمىز باشىدا
«شرقى تركستان استقلالىتى» اوچون باشلان
دى. انقلابىنىڭ مقصىدى، كورەش نىشانى «اس
تقلالىت» ايدى. بتەم اورتىغا تاشلىنىش بىلەن
مقصد نىشانغا شكلەن اوز گوروش كردى.

بىزنىڭ ياش اوسمورلرىمىزنىڭ حتى بعضى
وقتلەردە ئايرىم اوزاق جايلاردىكى اوقوتقوچى-
لرىمىزنىڭ چوشونەلمەي كېلىۋاتقان مسئلەسى منا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



شو. اولار ایلگری «ئەر کینلك»، «ئازادلق» دیگەن سوزنی «استقلالیت» دیگەن سوز بلەن باغلاپ، استقلالیت بار یەردە ئەر کینلك بار، استقلالیت یوق یەردە ئەر کینلك یوق دەب چو شونەتیدی. بتم بولدی. ئەر کینلکلەر بدلیگە بز «استقلالیت» دیگەن سوزدن کەچدوك. بوقانداق ئش. استقلالیت بولمیغاندن کیین قانداق ئەر کینلك بولوشی ممکین؟ دیگەن سوالغا کیلب قالیدو. حقیقتدە بز بلەن بتم توزو گەین طرف اولکەدە مستملیکەچیلك سیاستینی ساقلاب قیلشقا ئنتیلیشی نتیجەسیدە بتم اورونداليدی و اولکە خلقیغە هیچ قانداق سیاسی ئەر کینلکلەر بریلمەلدی. بونگغا قاریغاندا یوقوردیکیلەرنڭ توشەنچیسی توغری بولمیدیمو؟ دیگەن خلاصەگە کیلش ممکین. ئانداق بولغاندن کیین ینە بزنڭ بتم دەب توروشیمزنڭ نیمە-حاجتی بار. استقلالیت اوچون کورەشنی داوام قیلدوروەسەك بولماسمیدی؟ ئەنە مسئلە شوندا.

استقلالیت ئالالمیغان تقدیردیمو ئەگەر بزگە ایگەدارچیلق قیلب تورغان طرف مستملیکەچیلك سیاستدن کیچب برابرلك، خلقچیلق سیاستینی عملدە یورگوزیدیغان بولسا، البتە استقلال ئالمای توروبمو خلق سیاسی ئەر کینلك حقوقلریغا ایگە بولودو. البتە هر ایکیسینی

ايگەدارچيلاق قيلىب تورغان مستملكەچى مملكت
اوز اختيارى بلەن بەرمەيدى. هر ايكيسينى كو
رەش قيلىب ايلىش كيرەك بولودو. ليكن بريگە
نهايتى نورغون كوچ طلب قيلنمەيدو. يەنە بريگە
قاتتيق كورەش طلب قيلنسيمو، اونكىا سيلشتور
غاندا ئازراق كوچ كتيدو. ئەنە شونىڭ اوچون
بز چاميمز كيليديغانراق كورەش يولى بلەن
بارايلوق ديگەن مدعا بلەن بز بتمنى تولوق
اوروندوتوش اوچون كورەش ايلىب بارەاقدامز.
البتە بو سوز هر قانداق شرائطدە بزگە دوش
مەن هجوم قيلىب ئازاد قيلنغان 3 ولايتنى قايتا
بيسىب ئالسيمو، بزنىڭ خلقيمز بتم دەبلا قاراب
تورودو — ديگەن سوز امەس. بو سوز قارشى
طرف بتمنى، رسمى بوزميسا، بز بتمنى بوزماي
مز ديگەندينلا عبارت. امدى بز حاضرقى بزنىڭ
احواليمزنىڭ قدر- قيمتيني ياخشى تو شونەك او
چون اوتكەن وقتلەرگە بر نظر سيلىب كورەيلى
و بو مسئلەنى ياخشى توشونوش اوچون قسقە
چە ئارقيغا ايكسكورسيە قيلىب باقايلى. اولتور
غان اوقوتقوچيلەرنىڭ عسكريتى 25 — 30 ياشلار
دا بولوب اولارغا اولكىنىڭ اوتموش احوالى
ياخشى معلوم ليكن اونىڭدين ييشى كيچكلرگە
اولكىنىڭ اوتكەن احوالى تونوش بولمىساكيرەك.

ئاپريل اوز گوروشىدن بورون اولكەمزديكى عمومى معلملەرنى يغساق هم بونچيلىك توپـ لانماتتى. سبب: او واقتدا شونچيلىك مكتب شونـ چيلىك معلم يوق ئيدى. «شوتاك» دەيديغان توگۈچى تەييارلايديغان بر ئككى مكتب بولـ ديغان ئاما بلم، فەن وە دونيا بلەن تونوش توريديغان مكتبلەر بيز نلەى يوق ئيدى. اگر بو دەور ئاد ملرى دونيا بلەن تونوشتوريدـ غان فنى مكتبلەرنى ئاچەمەندىسە جنايتچى دولتتى.

ئاپريل اوز گوروشى اولكە خلقينىڭ مدنيـ تينى يوقورى كوتوروشدە كەڭ يول ئاچدى. تورغونلىغان مكتبلەر ئاچلب، تورغونلىغان باليـ لريمز اوقوشقا باشلىدى. سزلەرنى هەمە گزلەر شونڭ ميوەلرى سزلەر. شوننى اوچون شاگـ خەيلەھ ھر مخبرنڭ «سز شنڭ شى، سەگە قانـ داق بها بيريسز؟» - دگەن سوئاليغا: «يز بشنڭ شى سەى گە قدر قازاكنى اولتور غان ايدوق. شنڭ شى سەى كيلب ايلكتىر يقشـ نى اوگوتوپ بەردى، كيىن شنڭ شى سەى ايلكـ ترنى يوقوتوب، لامپىمو بەرمەسدن شاھ ئوگو تيەن ديدى، ايلكترگە اوگەنگەن خلق بونگـ غا بوى بەرمەيدى ايلكتر بلەن اشلەمەن دېدى» — دەب جواب بەردى. م حقيقتدە هم شنڭ شى سەى دەوريگە شو نقطەنى نظردە قاراش كيرەك. شنڭ

شى سەى دەورى بولمىغان حالدا دىزنىڭ ملى ئا
زادلىق انقلابىمىزنى موجود قىلىدىغان كادىرلار
بولمىغان بولار ايدى.

ئاما، 2- دونيا اوروشى بىلەن شىڭ شىسەى
اوزگەردى. استبداد سياستىنى يۈرگۈزۈپ ضيا
لى ياشلارنى، تعلىم تربيە ايگىلىرى بولغان
معلملرنى قىرغاوول ئاووليغاندەك — اوولاشقا باش
لاپ رواجلىپ كېتىپ بارغان مدنيتنى كەينىگە
سورىدى. بونىڭ نتيجەسيدە معلملرىمىز اوستىدە
كۈن كۆرەلمىگەن ئادەم «افندى» بولۇدۇ- دي
گەن كۆز قاراش پەيدا بولوپ ئانچە، مونچە
خەت تونوغان ياشلارغا قىز بەرمەسلىك اشلىرى كو
پويوپ معلم ئادەمگەرچىلىك معاملەسىدىن محروم
قىلىندى. شو اوسول بىلەن خانىمىزنىڭ ئەركىنى
ايلگىركى احوالغا ( ئاپرىل اوزگۈرۈشىدىن بو
رونقى ) چوشوروشكە قصد قىلدى.

حقيقتدە بو مەكىن ئەمەس ئىدى. بونىڭ
بىلەن شىڭ شى سەى هم مقصدگە يېتەلمىدى:
2 - دونيا اوروشى تماملىنىش بىلەن دونيادا چوڭ
اوزگۈرۈش بولدى، 2 — دونيا اوروشى مۇس —
تملىكىگە ئەللەردىكى خلقلەرنىڭ ئاڭىنى تېخىمۇ
كۆتەردى. وە مستملىكە ئەللەردە قول بولماسلىق
قا، ئەركىن ياشاشقا بولغان انتىلىش بارلىققا
كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئازىيا خلقى محكومىيەتكە قارشى قوزغالدى، ئازىيادىكى ياپون جهانگرلىكىگە قارشى قوزغالغان خلق، ياپون قولىدىكى قورللارنى قارتىب ايلش بلەن وە مستملىكەچىلەرنىڭ. اوز دوشمەنلرىگە قارشى. توروش اوچون بەرگەن قورالرى بلەن مستملىكە ئەللەر قورالىنى، قورالق قوزغولاڭ كوتوروش بلەن اوز مستقللىگىنى طلب قلدى. ايتاليلوق هندستان، بىرما، مالايا..لار.

شونىڭ بلەن ئەركين ياشاش اقتدارى بولغان ئازىيادىكى مستملىكە ئەللەر «ئەمدى قول بولمايمز» — دەب تولقونلونوب قوزغولاڭ كوتەرگىلى باشلدى. نەتىجىدە وىتنام، هندونىزىيە شمالى قورىيەدە مستقل جمهورىيتلرى موجود بولدى.

بزمو اوز استقلالىتمز اوچون قوزغولاڭ كوتەردوق. بزنىڭ كوتەرگەن قوزغولاڭمز مستملىكەچىلككە قارشى كوتورولگەن ماي ئازادلق قوزغولاڭ ايدى. شونىڭ بلەن بللە بزنىڭ كوتەرگەن قوزغولاڭمز انسانيتچىلك معاملەسىدىن محروم بولغان خلقىمزنىڭ سياسى ئەركىنلك حقوقلرىنى قولغا ايلش اوچون بولغان قوزغولاڭ ايدى. شونىڭ اوچون بزنىڭ كوتەرگەن قوزغولاڭمز خلقچىلق سياستنى تورمۇشقا ئاشوروش اوچون بولغان قوزغولاڭ ايدى.

سبب، ملی ئازادلق قوزغولاڭنی حرکتگە کەلتورگەچی کوچ بلەن بوندغا رهبرلك قلغوچی وە ملی ئازادلق قوزغولاڭنی ئاخرقیچەکگە قدر ایلب باریدیغان کوچ خلقچیلق سیاستنی تورموشقا ئاشوریدیغان کوچ ئککیسی بر کوچ ایدی.

ملی ئازادلق حرکت خلقیمزنی مستملیکەچیلەرگە قارشی قوزغایدیغان بولسا، خلقچیلق سیاستنی تورموشغا ئاشوروش اوچون بولغان کوروش، استبدادقا قارشی قاربتلغان بولوب، او استبداد یەنە مستملیکەچیلك نڭ اوزی ایدی.

دیمەك، ملی ئازادلق ئوچون کورەشکوچی کوچ بلەن خلقچیلق سیاستنی تورموشقا ئاشوروش ئوچون کورەشکوچی کوچ اوخشاش بولوب قالدی. شوننڭ اوچون اگر بزنڭ اولکومزدە حقیقی خلقچیلق سیاست یورگوزولیدیکەن خلقیمز دگەن مقصدینی یەنە ئالیدو.

بز بو گونکی شرائط وە ئەحوال بلەن حساب لیشب عمومی طلبکە موافق خلقچیلق سیاستنڭ تورموشقا ئاشورلیشی اوچون کورەش ایلب کیتب بارماقدیمز. بزنڭ هر ئککی باریدیغان یولیمزنڭ نشانی بر بولغاشقا، بز خلق ئارا احوالغا موافق کلیدیغان یول بلەن بارایلوق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



نتیجه‌گه کەلسەك، بزنڭ باشلابقی قالغان طلب
لریمزمضمونەن اوزگەرگینی یوق. بوگون بزیاش
اوسمورلریمزگه بیریلیدیغان تربیەنی شو ئاساس
ما ایلب بارساق توغری تربیەلیگەن بولیمز
یالیلریمزنی ملی ئازادلق وە خلقچیلق سیاستنی
تورموشقا ئاشوروش روحیدا تەربیەلیگەن بو
لیمز. تربیه نشانی ئەنه شونڭدن عبارەت بولا
شی کیرەك. بزنڭ مکتب اوقوتغوچیلریمز ملی ئا
زادلق کورەش یولیدا خلقچیلق سیاستنی تور
موشقا ئاشوروش یولیدا وطن خلق اوچون ئا
خرقی چەککه قدر کورەش ایلب بارالایدیغان
وطن پروەرلەردن بولوشی شرط. بونی بوتون
خلقیمز تاپشوروب اولتورودو.

ئەمدی معلملەرنڭ احوالی توغرولیق س.ز
ئاچساق، 3 ولایت دائریسیدیکی معلملەرنڭ تور
موش احوالی بلەن 7 ولایت دائریسیدیکی
معلملەرنڭ تورموش احوالینی هیچ قانداق سی
لشتوروش ممکین ئەمەس، چونکی بزده بر
میلیونغا یقین معاش ئالغان معلم یوزجڭ اون
نی یوزمڭ دوللارغا ئالیدو. بر گەز چتنی 9
مڭ دوللارغا ئالیدو. بر جڭ قوی گوشینی
8 مڭ دوللارغا ئالیدو. اورومچیده خوددی شو
معلم 300 میلیون دوللار ئایلق معاش ایلب یوز
جڭ اونغا 200 ملیون، بر گەز چتقا 17 میڭ

چون، برجەك گوشكە 9 ميليون دوللار توليشى لازم بولودو. شونداقتيمو راست بزنك جمعيتي مزده تربيەچى كيلەچەك دولت ئەرباپينك تربيەچيسى، كيلەچەكدىكى عالم، مهندس و قەماندانىڭ تربيەچيسى، بز اويلايغان ويا بز ديگەن اورونني اشغال قلالمايواتيدو. بز اونكغا، بزنك اوز وبز اويليغاندەك شرائط توغدوروب بيرەلمەيواتيمز. شرائط توغدوروپ بيرەلمەسلىكى بزنك خاليماسلقيمزدن ئەمەس، بو گونكي، شرائطيمزنك شونداق بولوشيدندور. سزلەرگە معلوم، بز 3 ولايتني ئازاد قلغيلى، 4 يلدن ئاشتي. 4 يلدن بيري برەر مهم قوروللوشقا كريشالميدوق. بو كريشالميغانلقيمز، قلالماسلقيمزدن ئەمەس. بونك سەوەبى ال ئەوول بزنك ئەركينلكيمزني قوليمزدا ساقلاب قلش اوچون بارلق كوچيمزني ئەركينلكيمزگە قەصد قلغان دشمان، سوكشى-لەن باندىلرى بلەن كورەشيشكە صرف برقلغانلقيمزدندور.

سزلەر حاضر كورەش ايلب كيتب باريمز دەيسزلەر. بو توغرا گەپ. تيخى قوراللق كورەشدن چقالمايواتيمز. يەنە سزلەر شوني اعتبارغا ئالسيڭزلەر بولودو. شو شيسەي بوتون اولكيني ساقلاش اوچون 20 مڭ عسكر توتقان

ايدى. بىز بولساق اوقوش ايشلىرىمىزنى تا'مىن
قىلىش اوچون بىتمىگە موافق عسكر ساقلاشقا مەج
بور بولدۇق. بو عسكرلەر 3 ۋلايەتنىڭ ساقلىنىشى بىلەن
اولكولوك حكومەتنىڭ تېخى تا'مىناب ئالغىنى يوق.
شۇنىڭ اوچۈن بىز مىللى - معارف ايشلىرىمىز
غا بودجەتنىڭ 3 تىن - بىرىنى صرف قىلساقمو، دې-
گەنىدەك تولوق تا'مىن ايتەلمەيۋاتىمىز.
بىز شۇنداق ايزچىللىق بىلەن تارىخىمىزغا مىللى -
معارف ايشلىرىمىزگە شۇنچە كوچ صرف قىلىۋاتى-
مىز. اگر اوزىنى الغ مدنىيەتلىك دەب حسابلىغان بو
گونكى ئا.ق.ش نى ئالىدىغان بولساق بودجەتنىڭ
47 فائىزىنى (14 ملىارد ئامرىكا دوللارى) حر-
بى ايشىغا صرف قىلسا، يالغوز 250 مىليون دول
لارى ئامرىكانىڭ معارفى اوچۈن چىقىرىلغان. شۇن
داق ترقىي تاپقان ئامرىكىدا معلملەر ريستا
رانلاردا ئەفسانىلىق خىزمەتىنى طلب قىلىدۇ. ئاد
رىكىدىكى ساۋاتسىزلارنىڭ سانى 10 مىليوندىن ارتوق.
مەن اويلايمەن: خلقچىللىق سياستىنى تولوق
تورموشقا ئاشورغانغا قدەر كورەش مەيدانىدا
بولغانلىقىمىز اوچۈن اوقوتقوچىلىرىمىز كورەش
مەيدانىدا دەب بىلىب، بىزنىڭ ئىنچىلىكىمىز دەب بىلىمەس.
ئەمىلى تربيە مسئلەسىگە كېلەيلوق. بىزنىڭ
مكتب اوقوغوچىلىرىمىزغا قانداق تربيەلر بېرىد

شى كېرەك ؟ حاضر دونيادا الغار كېتىب بارغان
خلقچىل دولتلرنڭ معارف ئشى ديگەنلەك يولغا
قويولدى. بولارنڭ معارف ساحەسيدىكى تجربە
بېسىنى ايلپ قارايديغان بولساق، اولاردا معا
رف خلقچىل سياست تورموشقا ئاشقاندىن كېين
يوكسەلگەنلكىنى، رواجلانغانلقىنى كوروەمز.
انقلاب واقتيدا بوتون خلقيمز صوفربرلكدە كېاب
قالدى بلەن دوشمەننى تار-مار قيلب، شهرنى
اشغال قيلش اوچون قاتناشتى. شهرنى اشغال
قلغاندىن كېين اونى ادارە قلش اشىدا كريشـ
تى. حقيقتدە اشغال قيلشدىن ادارە قيلش مركـ
كەبرەك ايدى. اونڭ مركەبلىگىنى تجربە
كورسەتمەكتە. شونڭ اوچون بز دولتيمزنى
توغرى ادارە قيلب، هر طرفليمە تولوق بلملىكى
لىرى بولغان، وطننى چين كوڭلى بلەن سويوب،
وطن اوچون جاننى فدا قيلشقا هر دائم
تەييار بولوديغان ساغلام بدن ئادەملەرنى تەر
بيەليشىمز كېرەك.

او ئادەملەر حاضرقى زامان بلمىنى تولوق
ئېگىلىگەن ئادەملەر بولوشى كېرەك.

اگر بز، باليلريمزنى كېلەچەكدە وطننى
تولوق ادارە قلسون ديسەك فننى علملەرنى تو
لوق بلىورشكە تريشىشيمز ماتيماتيكا، فيزيكا

کا، خیمیه، طبیعیت وه باشقیلارنی تولوق ایگەللەپ، تیخنیکا قوراللرینی ایشلیتیشنی، طبیعتنلك کوچینی جمعیتکه بوی سوندوروشنی بلیدیغان ئادەملەردین قلیپ یتیشتوروشکه تیریشیشمز کیرەك. بزنلك تربیەلەیدیغان باللیریمزنلك حاضرقی زامان تیخنیکا قوراللری بلەن تونوشلیغی بولسون اوچون ممکن قەدەر امکانیت بار جایدا اوقولیواتقان بلملرنی تجریبه بلەن باغلاپ، کتیشیمز کیرەك. بزده تولوق تجریبه قوراللری، تیخنیکیلار بولمیسیمو، بار ایمکانییتدین فایدیلنیشیمز لازم. شو کونگیچه مەن بیرەر مکتبنلك معلملری اوزی تشبث قیلیپ، ایلیکتر استانسییگه ایکسکورسیه قیلغانلقینی ئاڭلیمیدیم. ایلیکتر بولسا، حاضرقی زامان فەن مدنیتینلك ئاساسی. ایلیکترنی بولسا، بالیلار مکتبده اوقویدو، موندین باشقا مکتبده لاباراتورییه وه تیخنیکاغا عائد یزیلغان حکایەلەرمو یوق. بزده تیخنیکا توغریسیدا سوویت اتفاقیدا ایزیلغان ژینکوفنلك حکایەلەرگە اوخشاش حکایەلەر یوق دیب قاراب اولتورماسدین، یوق نرسینی بار قلیشیمز اوچون بز ایجاد قلغوچی، قورغوچی بلله توروب بلله، ایجاد قلغوچی بولوش بیلەن باشقیلاردین هەم فایدیلنیشیمز وه ئایـ

ريمچە دقت قلىنىدىغان مهيم مسئلەلرنىڭ برى
بولغان تشبثكارلقنى حركتلەندورىشمز كېرەك .
تربيە اشلريدە ايككنجى دقت قليديان مس
ئليمز ، بز ياش اوسمولرىمزنى اوزىنىڭ شخ
سى منفعتيدين ، جمعيت منفعتينى كوب اعلا
كوروديغان قلب تربيەليشيمز كېرەك . بو بزنىڭ
تورموشىمزدا نهايتدە مهم اورونني توتودو .
بزدە بو مسئلە اوستيدە كامچلىق كوپ . بونى
بز باشلايدقى تربيەنىڭ مكمل بولمغانلقدين بو
روندين دوام قلب كيليواتقان شرائط مراسينىڭ
نتيجەسى دەب اوتوب كتيمز . تەربيە لەنگوچى
لەرنىڭ تەربيە لەنشى — تەربيەچىلەرنىڭ ئوزلرينىڭ
بو مسئلەدە اورنەك بولوشيغا باغلق . اگر مەن
تربيەچى، مەن تورموشدا شخصى منفعتدين جمع
يت منفعتينى اعلا كورسەم تربيەلەنگوچى
بونى شەكسز اوزيگە قبول قليدو . ئادەم رو
حينىڭ مهندسلرى بولغان تربيەچلرنىڭ اوزلرى
شخصى منفعتينى جمعت منفعتيدين توبەن قلش
بلەن باللريمزنى وطن، ملت وە خلق منفعتى
اوچون جان كويدوروديغان تورموش تاريخى
بلەن تربيەلەش كېرەك .
تربيە اشلريمزدە اوچونچى دقت قليديغان مسئليمز
مكتبدەك دوستلوقنى باغلايديغان جاى بول—

مایدو. مکتبدین باشقا جایدا بولغان دوستلوق ھر واقت ھر خل شکلنی ئالغان بولوب بعضیدە چین دوستلوق صداقتلیك وظیفەسی، اونی ناتوغری چوشونوش نتیجەسیدە ناتوغری یول وە خاھلیغان نتیجیگە ایلب باریدو.

اگر مکتبدە دوستلوقنی تائمین قلش ایشی کوچلوك ایلب بریلسا. موندَاق تربیەلەنگەن بالیلاردا دائیمی دوستلوق صحبتی جمعیت فایدیسیغا قاریتلغان بولدو. موندَاق تربیەلەنگەن ئادەم حقیقی خلقچیللق سیاستینیك تورموشقا ئاشورولیشینیك برنچی کورەشچیسی بولودو.

شونیڭ اوچون ئەنە شو عموم منفعتنی حمایە قلشقا قاریتلغان شخصی اوچلوك یاکی ئامراقلق بلەن ئەمەس، حقیقی دوستلوق ھەمکارلقنی مکتبدە تائمین قلیشمز کیرەك. تربیە ایشلریدە تورتینچی دقت قلیدیغان مسئلەمز بیز اوقوغوچیلەرغا محنت سویوشلوکنی محنت حرمتلەشلیکینی اوزلەشتوروب تربیە بریشمز لازم بولودو. محنت بلەن جمعیتنیڭ ایشلەب چقریش کوچینی کوتەرگیلی بولودو. جمعیتنیڭ ایشلەب چقریش کوچینی کوتەرمەی توروب جمعیتنی ترققیاتقا یتشتورگیلی بولمایدو. و ایشلەب چقریش کوچینی ترققی قلـ

تورمای تورۇب خلقچیلق سیاسەتینی تورموشقا
ئاشوروش هەم هەم قیین مسئلەدور .

محنت سویۈشلوکنی وە حرمتلەشلیکنی بالپلارغا اوزلەشتوروش معلمگە باغلق مسئلە ئاما بزنك تربیەچیلریمز محنت سویوش تربیەسینی اوزلری تولوق ایلب چققان ئەمەس شونك نتیجەسیدە قارا محنت قلشنی فوق العادە ایزا دەپ بیلیدو .

منا بو بزگە ایلگرکی جمعیت توزومینك قالدوروب کەتکەن میراتی .

مستملیکچیلەر — مستملیکە ئەللەرنك تیار قلغان محنت حسابیغا یاشایدو . مستملیکچیلەر محنت قلماسدین ، مستملیکە ئەللەرنك حصولاتیدین تولوق فایدیلنیش اوچون مستملیکە خلق اچیدین چققان ساتقون منافقلارنك یاردیمیدین فایدیلانیدو . بونك نتیجەسیدە مستملیکە ئەلنك اوز اچیدین محنت قلمایدیغان یتیپ یەیدیغان قاتلام پیدا بولودو . بولار محنت قلماسلقنی اوزیگە شرف دەپ بیلیدو .

محنت قلماسدین یاخشی تورموش کوچورگەن ئادەمنی کورگەنلر اونی مستملیکیدیکی قوللوق محنتینك ایغرلیغی ، اونوڭدا بر قاتلامنك محنتسز ئاسان تورموش کوچوروشی

محنت — ئاشدىن اولمەسلك اوچونلا قلىنديغان
بر پەسچارە ديگەنكو، قارشلارنى پەيدا قلدو.
دە دقّه اوچوغراق بر مثال ايتسام، مينىڭ
دهقانچيلق بلەن مشغول بولوب يورگەن
اينىم مينىڭ يىنىمدا عسكر بولدى. بر كونى مەن
اونوڭغا خاماندين سامان ئەكيلشنى بويروسام،
او، ديگەن كونى ئەكەلمىدى. ئەرتيسى قا
ريساق او سامانىنى كيچسى ايلىپ كەپتو.
سوروشتەروب « نيمە اوچون تونوگون ئەكەلمە
ديڭ » ديسەم، « كوندوزى ايلىپ كليشكە ايزا
تارتديم » دەيدو. مانا احوال، اوزى دهقان بولوب
تورۇب عسكر كييمىنى كييش بلەن اوز كسبى
گە وە كسبداشلرينىڭ محنتينى پەس كورودو.
اونوڭ ئاڭىنى كيپگەن پاكيزە عسكر كيي
مى و تاقمان تاپانچىسى اوزگەرتتى. موندا ق
تربيە اشلريمزدە بشنچى دقت قليدىغان مسئله
مز — اوقوغوچيلرنى وطن پرورلك روحيدا تر
بيەلەشدين عبارتدر.

بز بالىلريمزنى تار ملتچيلك روحى بلەن تر
بيەلەيدىغان بولساق بز ملتنىڭ فايدسىنى كوز
دە تويدىغان. باشقىلارنى ئادەم حسابلىمايدىغان روح
دا تيارلاپ قالىمز.

ايتايلوق خەنسوغا اوچ بولساق مللى ئازاد
لق چلىشىمزدا اوتوق قازىنىمز دىگەن چوشەن
چە بلەن خەنسو ملتگە قارشى نفرت روحىدا بالى
لريمزنى تەربيە قلساق بولامدو ؟ مونداق ئاڭ
معلملريمزدە يوق بولميسا كيردك . مللى ئازاد
لق كورەشىمزنى دىگەن ايىما ئىلىپ بارماقچى
بولساق، بونداق ئاڭنى توپ يلتيزى
بلەن چقىرىپ تاشلاپ، اولكىدكى هممە خلقلر
نڭ كورەش نيشانىسىنى بر نقتىغا يغىشى لازم .
ئزيلگەن خلق حكومتيدين ئازات بولوشنى خاه
لايدو . اگر بالىلارغا خەنسونى اوچ كورسو
توپ مەسئولنى ياخشى كورسوتوپ تربيە بەر
سەك؛ اوزيمز قاريمو قارشىلققا چوشوپ قالىمز.
چونكى تربيەلەنگوچيلر، بر ملت اعلا بر
ملت پەس، بو ملت تجاوزچى، بر ملت تاووزغا
دوچ بولغوچى دىگەن چوشەنچە حاصل بولىدو.
وحالەنكى تجاوزچى ملت امەس . ملتنى
ساتقوچى بر توپ حربى - پاليسيە بيوروكرات
ئاپپاراتقا تاانىغان مسنب عنصرلەردور . اولارنڭ
ملتكە وكالتەن سوزلەشكە هيچ قانداق حقىمو
يوق و ملتكە وكيلمو بولالمايدو . شونڭ او
چون بزنڭ ايلگەرى حايلاشقان بر تور كوممو
تملكيچى خەنسو چينوونىك- عملدارلرىنى بتون

خەنسو خلقىنىڭ وكیلی دب قارىش توغرى بول
مايدو . بو بزدیكى « دارينلار » بزنىڭ قانچلیك
دوشمنيمز بولسا خەنسو خلقىنىڭمو شونچليكلا
دوشمنيدور . بز تجاوزچى امەس . شونىڭ بلـــەن
بيلله بز امدى ينه قول بولوشنيمو خاهلمايمز
و اونونكغا يول قويمايمز بز تجاوزلق قلـشقا
باليلريمزنى تيارلمايمز و تجاوزلق قلغوچيلارغا
يول قويوب بيريش روحيدا هم تيارليمايمز .

شونىڭ اوچون وطن پرورلك روحيدا وطن
ميكى خلقلر اورتاقلارچه برابر حاكميت ايگسى
بولوديغان و اوزلرينى اوزلرى ايداره قليديغان
بولوشى كيرەكديگەن روحداتربيه قلشيمز كيرەك .

بز بر اونـى محكو ملوقغا ئالمايسـز و
اوزيمز هەم امدى محكوم بولوشقا قطعى را
ضى بولمايمز . بز باليلاريمزغا شونفخەنى كوز
ئالديمزغا كەلتوروب ، وطن پرورلك خلقچيلق و
خلقنى حرمت قلش روحيداتربيه بيريشيمز لازم بولودو

شونداق بولغاندا اولارديكى ئيدييه اولارنى
ملى ئازادلق و خلقچيلق اوچون بولغان كورەشكە
ئايلاندورودو . بزنىڭ باليلريمزنىڭ ئالديدا عس
كر صفيگه كريب خلق يوكلەگەن وظيفەنى او
تەش مقدس قرضيمو بار .

عسكر خلق محافيظتچيسي بولغاشقا خلق بالەن
يقين مناسبتدە بولوب ئاريليشيدو.
منا شونداق ئاريلاشقان چاغدا عسكرنڭ اخلا
قى معاميليسى، يوروش - توروش حركتى، خلققە
انقيلابيمزنڭ خراكيترينى كورسەتكوچى بولودو.
ئانداق بولميغان حالدا قسماً بولسا هم خلقدە
ين ناراضيلق پيدا بولوشقا سببچى بولودو. اگر
عسكر انقلابى روحدا تربيە ئالغان بولوب، خلقنى
حيمايە قيلشدا، خلق منفعتينى شخصى منفعتدن
اعلا كورسوتوب بيرەلەيديغان بولسا، شەكسز
خلقنڭ اونڭغا ئيشەنچى ئاشيدو. بوني بز انقلا
بيمزدا كوروب اوتدوك. انقلابيمزدا عسكرلريـ
مـز قەيەرگە بولميسون، خلق بار جايغا بار
سا، شو يەرديكى خلقنڭ حمايەسيگە حرمتيگە
ئيگە بولدى. ليكن ئايريم ئادەملەر ئش قيلب
قوليمزدا قوراليـمز بار. بزگيـچـمزنى قليمز دي
گەنلەرمو بولوب، بولار بزگە ئاز زيان يەتكوز
ميدى. شونڭ اوچون اوقوغوچيلارنى وطن پر
وەرلك روحيدا توغرى انقلابى مستحكم ايرا
ديلق قيلب تربيەليشيمزنى بزدن انقلابى وظيفە
مز طلب قليدو. بولارنڭ سرتيدا تربيەدە، سلا
متلك ساغلاملق هم ئاز اورون ئالمايدو. «سلامت
تەنلك، ساغلام عقللق» قيلب تربيەلەش ئاسان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەسىلە ئەمەس: اوقوغوچىلارنىڭ هر طرفدن مكمل تربيەلىنشى ئۈچون سلامتلىك مسئلەسيگە ئايريمچە دقت قلشيمز كېرەك. اوقوغوچىلارنى فيزكولتورا، گىمناستيكا وە محنەت بلەن بول‌غان تەن-تربيە حركتلرى بلەن تاولاب بېريشيمز كېرەك. قسقىسى: خلقچلق سياستنى تولوق قورموشقا ئاشوروش ئۈچون كورەش، وظيفەسى ئاگاهى عقللى، حاضرقى دونيا مدنيتىنىڭ هەمە طرفيدن خبرى بار. اخلاقلى ساغلام تەنلىكچوك قىر بېلىملىك. خلققە سادق وطن‌پروەر ئادەملرنى تربيە قيلشنى طلب قليدو.

مانا شو يوقارقى شرفلىك بولغان تربيەوى وظيفەلەرنى باليلريمزغە تولوق ئۆزلەشتوروب بېرش اوچون، ئوقوتقوچىلاردا اوز ئشيغى سويوش وە قزغين هەوەسى بولوش كېرەك. اوز ئشيغى سويوش وە قزغين هەوەسى بولميغاندا بزنە بتقان تربيە مسئلەلرى مستحكم وە تولوق اورونلالمايدو.

مثلا: بر شوفير ماشينا هايداش هەوەسى كوچلوك بولايديكەن ئۇ بر ماشينانى اوزون

چىلارغىچە بوزەداى هايدايدو. اگر هەوەسىبولمى-
ساى؛ هەر قانداق يىڭى ماشىنا بولسىمو، 2-3 ئادى-
ـدا ئىشدىن چىقىرىدو. معلملىرىمىزنىڭ معلملىك وظى-
فەسىنى حلال ئوتەش ئوچون قىلىدىغان
ئىشقا محبتى بو ئىشى بىلەن خلقىمىزنىڭ كوتى-
ـدىغان ئارزو-تىلەكلىرىگە. تولوق جواب بەرگى-
ـدەك كىلەچەك دولەت ايگىلىرىنى يىتىشتوروش
ئوچون محنت سويىدىغان وەمحنت يارىتىدىغان
بولوشى كىرەك.

امدى، مكتبلر ئوستىگە كەلسەك، مكتبلەردە
كامچىلىقلار فوق العادە توراغون، ئوتكەن يىل
مكتبلرنى ئاياغىنىچە چىقىدىم. غولجە شەهر مكتبلىرىدە
ئورنەكلىك بولوب «نەمونە» مكتبى كورولدى.
بو يىل قايسى مكتب ئونى بىلمەيمەن. ئويلاي-
مەن هەرحالدا «نمونە» مكتب نمونەلىكنى بەر-
مىگەن بولوشى كىرەك. هەممەمىز بىرلىكدە «نمونە»
مكتبدىن ئولگە ايلىب ئوز مكتبلىرىمىزنى نمونى-
لىك قىلىش ئوچون تىرىشىشىمىز كىرەك. موندىن
باشقا سىيف الدين افندى بىلەن بىللە جىڭغا بار
دوق. جىڭ مكتبىگە بارساق ساعت 11 گىچە معلم
لەر يوق. بىر يىرىم ساعتدىن كىيىن معلملرنى ئىز
دەب، تاپتوروب «نمشكە شونداق» دەب سورىساق،
«ئوى يىراق» دەيدو. حقيقتدە شونداقمو؟ يالغوز
جىڭدىكى معلملرنىڭ شونداق بولوشى ممكن امەس،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



معلملر ئوزىگە يۈكلەنگەن وەظىفەنى دولەت خىدمەتى دەپ بىلىپ ئۇنى انتظاملىق بىلەن ئىلىپ بېرىش كىرەك. مكتبدە عمومى انتظامنى نامەيىن قىلىش كىرەك. بىزدە محنتنى ئويات بىلىش بار دەپ ئېيتىپ ئوتدۇك. بو يالغوز تۆۋەنكى طبقەدە ئەمەس علمى ئادەملەرىمىزدە هم بولۇدۇ.

انتظام هەمىگە برابر. دەن، خلق ئوچون قظارەت بولسون- بولمىسون، مسئول خىدمتچى بولغانلىقىم ئوچون صداقتلىك بىلەن 8 ساعتلا ئەمەس، توغرى كەلسە ئىشنىڭ پوتوشىگىچە 10-15-ساعت بولسون ئىشلەسەم كىرەك. بىزنىڭ ئىدارەلرىمىز دىكى خىدمتچىلرىمز، الڭ ئالدى بىلەن ئىدارە باشلىقلارىنى هىچ قانداق وەقت بىلەن حسابلاشماسدىن خلققە صداقتلىك بىلەن خىدمەت قىلماقدا. لىكىن نهايتى ئازچىلىق انتظامغا بوي سونمايدىغانلارەمو يوق ئەمەس. ئايرىم مكتب مديرلرىنىڭ هم شوندااق انتظامغا بوي سونمايدىغانلرى وە ئولارنىڭ عبرەت ئالمان جايلرىمو بولۇشى مەمكىن.

عملدە ادارەلاردىكى مونداق ضررلىك عادەتلەرىمىزنىڭ مكتبلرىمىزگە كرىپ قالمىسون. احتياتقىلى مونداق عادەتلەرگە قارشى قاتتىق هجوم باشلىشىمىز بىلەن املى ئىكەلەچەك دولت

ئيكيلەرينى توغرى صميميليك بلەن تەربيەليشى
مز لازم. مەن ئوزەم معلم ەەن. صنفدا قالاق
ئوقوغوچى قالميسون دەپ تريشواتقان ئوقوت
قوچى محنتنك قانچيلك قيين ايكەنليكينى ياخ
شى بليمەن. كشليك جمعيتدە معلمنك محنيتيدين
ئغرلقراك محنت يوقدور.
چونكى عاليم مهنديس، يازغوچى، قوماندان
جمعيت، دولت ئەربابى وە باشقلارنك هەممە
سى معلم محنيتينك محصولاتيدور. شونك ئوچون
مونداق شرفليك وظيفينى علا قلغوچى معلم هر
قانداق قيينچيلقنى ييكيب سەزگور، قابيل، ئو.
حسليك، فكرليك، ئوتكور، چيداملق، ياخشى خوي
لوق بوغوملارنى يتشتوروشنى ئوزيگە شوهرەت
دەپ بليدو. بو مقدس وظيفنى توغرى وە تولو
غى بلەن علاقلش ئوچون ئوقوتقوچيلريمزنك
هر ساحەديكى اشلريغا وە كيلەچەك دولت ايگە
لرى بولغان ياش ئوسمورلريمزنك مو مكمل
تەربيە ايليشيغا موافقيتلەر تيلەيمەن.
ياشسون ايغر خزمت ئوتەواتقان وە اي-لك
وە ظيفەلريمزدين بولغان، جمعيتنك كيلەچ-
چەك ايگيلريگە تعلم—تەربيە بەرگوچى مديروە
معلملريمز!

ياشىسون زىرىكمەسلىين تعلم-- تربىەئىشى-
نى يولغا سېلىش ئوچون ئشلەواتقان معارفچىلرىمز!

ياشىسون خلقچىل معاربڧچىمز!

سزلرنڭ اشىگزلەرنڭ ئوتوقلرى بولوشى
ئوچون وەخلقچىل سياستىنڭ عملگە ئاشورولو-
شى ئوچون ئالغا

(1949نچى يلى « اتفاق » ژورنالى 4نچى سانىدان)

# ملّی ئازادلق حرکت کوچی برلیشیشده

## 1 - مستعملیکه ئەللەرنىڭ کومیتیدن قوتولالمایواتقانلیقینیڭ سببی

مستعملیکه ئەللەرینیڭ احوالی فوق العاده ایـ
غر بزنىڭ یورتیمز مستعملیکه‌چیلرنىڭ بوروڭقی
یریم مستعملیکەسی، حاضرقی بتون مستعملیکەسی
نىڭ مستعملیکەسی بولغانلقی، عادی مستعملیکه ئەل
لەرنىڭ اوستیده ظلوم ئیککی قەوەت بولسا،
بزنىڭ خلقمزنىڭ اوستیدیکی ظلوم اوچ قەوەت
ئیدی. شونىڭ اوچون بزنىڭ اولکەمیزنىڭ احوالینی تحـ
لیل قیلشدن اول عموماً مستعملیکه ئەللەرگه
خصوصاً ایڭ چوڭ مستعملیکه‌چیلرنىڭ بری بول
غان انگلیزلرنىڭ ایڭ چوڭ مستعملیکەسیگه بر
قور نظر سالیب اوته یلی.

یاوروپا تاریخچیلەری، انگلیزلرنىڭ پاسـ
تەرن ودلوییر پول دیگەن شهرلری افریقا
نیگرلرینىڭ باش سودیگەرلریدن قورولغان دەر
ەدو. اگر اونی تولوقلاندوروب، انگلیزلرنىڭ

بارلق شهرلریگه سالنغان بینالارنیڭ لایلاری هند
ستان دهقانلری وه کاسبلرنیڭ قانلری بلهن بو
غورهلغان، اونیڭ قووهتی بترن دیهقانچیلیقنیڭ
قورتلدن بربنیڭ بلهك کوچی وه ماشلای تهری
حسبیگه قورولغان، اولارنیڭ اونلاری مستملیه
که ئهلیرینیڭ تریلری بلهن بیزهلگهن، کونیو
لهك بهلمهان تهاقلی مالایلارلاری، بریما لق
لارنیڭ گوشلیدین عبارهت دیگهنده ئهنگلیه.
تولوق تصدیرلانگهن دهلیل بیرم مستملیکه
لریدن بریغنما قویوب یالغوزلا ئهنگلیزلرگه
قولوق فاراشلق جیلاردیلا دالغانلا اولارغا اوز
لرینیڭ یهرمیدانیدن 140 حصه ئارتوق باشقلار
نیڭ یهرمیدانی فارایدو. وه انگلیچلار
دین 11 حصه کوپ باشادو. خالق اولارغا قول
بولوب باشایدی، اولوغ دوبتان قوشما قراللیغی
نیڭ (انگلیهنیڭ) اوزلریدك بهم مدانی یزنیڭ او
بیکدن یرمیدانینیڭ 6 دن بر قسمسی تشکیل قیل
دو. نفوسی. بولسا هندستان نفوسینیڭ 8 دن بر
قسمیغا ئاران برابر کیلیدو. اگرده ئهنگلیهگه
سرتدن اوزاق مدت اوزوق النیب کیلینمیسه،
ئونیڭ اهالی آچدن اولیدی سرتدن خام مال
کلتورولمیسه صناعتی تهخایدو. یاروپادیکی
ههنمه شو اوزینیڭ مستملیکلیرگه قاربغاندا یری

كەمبەغەل وە نهايتى آز كىچىك كىچىكىنە دولتكە قا
واشلق يەرلەرنىڭ نامەلرىنى آتاپ اوتكىچە آدەە
نىڭ ئاغزى چارچايدۇ.

آوسترالىيە، كانادا، يېڭى زەلاندىيە، نيو
فاولىند، جەنوبىي ئافرىقا اتفاقى، آدەن، دوگەم
آزاللىرى، بار بادوس، باسوتولەندىيە، ياخروسن
آراللىرى، دىجو آراللىرى، دىرما، بورنىئو، مالايا
دوونىي، يونان، گامبىيە، گوپپانا، گىبراللتار،
گاندوراس، شانگقان اومان، زانزىبار، ساماندۇ،
آلتون قرغاق، هندستان، كامېرون، كانار،
گېنىيە، گېبر، كوۋەيت، ماورىكى، مالتا، شاما
سز دارالار، نائورو، نىگېرىيە، يېڭى گېۋىنىيە،
يېڭى گېبرىدلار، نورفولك، نياسالەند اومان،
قوچ اوكيان غربىي قسمىدىكى آراللار، فلىسطىن،
پاپوا شاماللق ئاراللار، شمالىي ـ جنوبىي رو
دېزىيە، ساراۋاك، سوز بلەنىيل، م. ايلينيا آرالى،
سىشېل آرالى، سامالى، سودان، سىرالىونانان گا
نىكا، توگو، آرانس، بورودانىيە، تېرى نىداد
تابوگو، اوگاندا، فولكلىنە آراللىرى هز عربەوت
سبلون، غربىي جنوبىي آفرىكا، ياماىكا، بردم مس
ستەملەكە ئەللار، شونىڭ اوچون ئەنگلىزلار بزنىڭ
يريمزدە كون پاتمايدۇ، دەيدۇ. اولارنىڭ «بزنىڭ
يريمزدە دىگەنلەرنىڭ هەممىسى باشقىلا نىڭ قانلىرىنى دريا

لاپ آققوزوپ، اوزلرىگه اطاعت قىلدوروپ آل
غان يرلردين . . . عبارەت دوره
شوندلاق بر كىچككينه او كونيىى اوزى
آران كورەلەيدىغان مملكت نيمه اوچون وه قاند
اق سبب بيلەن اوزى باى، نفوسى وه ييرى كوب
جايلارنى اطاعت قىلدوروپ آلدى.
بولدك آساسى سببلارينك بريسى، كورسه
توش اوچون يالغوز هيندستاننى مثالغا آلا
ساق كفايه قىليدو: هيندستاننىڭ يەر ميدانى، 4 ميل
يون مربع كيلومېتردن كوپ بولوپ، انگليزلارنىڭ
اوز يەر ميدانيدن 16 حصەدن آرتوغراق كيليدو.
نفوسى، 309 ميليون بولوپ، انگليزلارنىڭ
اوز نفوسيدين 8 حصەدين آرتوق كيليدو.
انگليزلەر هيندستاندا 17 - عصرنىڭ بيشيدن او
رونوپ، اوزنىڭ اوتتورالرىغا يقين ناييرين جايلاردا مس
تحكم اورونلىشىشقا باشلايدو، 1739 - يىلى ماد
راسدا محكم اورونلىشىدو. 1757 - يىلى بينگال،
بيخار، ئاريسا ودبشقا اورونلارنى اشغال قىلىدو.
هيندستاننى، بسيب ايليشدا قوللانغان اوصولى
بيربه گنى ايكنچى بيربه گگه قارشى قويوپ، بيرى
گه يارديم قىلىپ، آستا - آستا بيريدين كين
بيرزنك بيريني بيسيب ايليشدن عبارەت ايدى.
18 - عصرده هيندستاندا اولوغ موغول حاكم
يتنىڭ يقيلىشى هيندستاندا يېڭى سياسى كوچ
لر موجود قىليدو. غربى شيماللدا ماراداغا دولتيه

اورتادا حیدەر آباد نظاملغی، جنوبدا مایسار پاد-
شالیغی پەیدا بولیدو. انگلزلار بولارنڭ بربنی-
بریگە قارشی قویوشقا اورونیدو. لیکن غیرەت-
لك حیدەر علی اغواغە یول قویماسلققا تریشیدو وە
ئەنگلزلەرگە قارشی اوچ دولتنڭ کوچنی
برلەشتوروب کورەش ئېلیپ باریدو.
وەئوز کوچی تشیغا قدر قورالانغان انگلزلر
گە برابر کلمیگەچکە پەرەشلردن یاردەم ئۆز-
دەشکە مجبور بولیدو. او، مایسار وە ماراتغالر-
نی ئەنگلزلرگە قارشی برلەشتورولگەنلیگی-
دن چوك اوتوقلار قازیندو. پەرەشلر
لیکین هیدەر علی نڭ اتفاقچیسی
ئەنگلزلر بلەن 1782 – یلی اوز ئارا شرطنامە تو-
زوش نتیجەسیدە اوحالسز لیندو، لیکن مستبد
یکەچینڭ بری پەرەشمو، هیندستان خلقینڭ قوی-
وەخانە وەیرانچیلیغی حسابیغە ئەنگلزلر بلەن
کیلیشیپ هیندستاندن هایدیلیدو. ئەنگلزلرنڭ
وەھشیلیگی، زورلیغی وەظلمی هیندستانلقلارنی
ینە کورەشکە کوتوریدو. هیدەر علی اوغلی
ئیپو سادب ئەنگلزلرگە قارشی هیدەر آباد،
مایسار، ماراتغالارنی قوزغایدو. اونڭ مرکزی
سریلـگە پاتاما 1799 – یلی 4 – مایدیکی انگ-
لزلرنڭ (انگلز عسکرلرینڭ باشلیغی ویـجارە
اوئەسبلی) قاتتیق هجومیغا قهریمانارچە کورسەتـ

كەن قارشىلىقىغا قارىماي يېڭىلدى. ئۇ بۇ ھەلاك
بولۇپ، شەھەر قەتل قىلىندى. ئاۋۇ ۋاقىتتىن كېيىن ما
رانغا نەگارى مىنېلچى ۋە غولقار — ئىنگلىز ئەس
كەر باشلىقى ئولەسلى تەرىپىدىن تارمار قىلىندى،
ھىندىستاننى بېسىۋېلىشنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى،
1845 — 1849 - يىللىرى سىكخلار بىلەن بولغان ئۇ
رۇشتا پۈتۈن پەنجاپنى بېسىپ ئېلىش بىلەن ئاياغ
لاشتى. ھىندىستان بېسىپ ئېلىنغاندىن كېيىن دېھقان
لار تۆلەۋاتقان يەر ئىنگلىزلارنىڭ ھەممە يېنىپ،
يەردىن چىققان ھوسۇلىنىڭ 75 پىرسەنتىنى ئىنگلىزلار
سىلاق قىلىپ ئېلىشقا باشلىغانلىقى نەتىجىسىدە، دە
ھقانلار گادايلىشىپ. ظۇلۇمغا چىدىمىغان دېھقانلار
كاسىپلار، يەرلىك ئەسكەرلەر بىلەن بىرلىكتە كۆچلۈك
قوزغىلاڭ كۆتۈردى.

1857 - يىلى باشلانغان زور كۆچكە
ئىگە بولمىغان قوزغىلاڭ ئىنگلىزلارنىڭ يېڭى
قېتىنقى زەمبىرەكلەر بىلەن قوراللانغان ئەسكەرلىرى
تەرىپىدىن رەھىمسىز، ۋەھشىلەرچە 1859 — يىلى باستۇرۇلدى.
قوزغىلاڭنىڭ باستۇرۇلۇشىغا ئاساسەن ئىنگلىز
لەرگە سېتىلغانلار سەۋەبچى بولدى. قوزغىلاڭ بۇ
سىلغاندىن كېيىن تۇتۇلغان ئادەملەرنى باشقىلارغا
ئىبرەت بولسۇن دەپ ئومۇمىي خەلقنى، يىغىپ ئولار
نى قاتار قويۇلغان زەمبىرەكلەر ئاغزىغا باغ

لاب ئاتيلدو. قان دربالاب ئاتيلدو ليكن شو-
لداق رحمسزلك اوسوللارمو خلقنك رەھنى
سوندورالمايدو. هندستان خلقلرينك ئازادلق
حركتى منا شبو كونگچه دوام قيلماقدا.
نيمه اوچون شونچه، نفوسلوق، باى يو-
رتلك هندستان خلقى ئاچلدن اولوشكه مجبور
بولدو، و اوزيدن نچه حصه كچيك و بيرى
كەمبغال بولغان انگليزلرنى هيدەب اوي-
تەلمەيدو ؟
اوقيلك ئاساسى سببلريدن برى و ايكى مو-
هيمى هندستان خلقى اوزينك ئازادلق كورەشي-
دە بيرلك قائدەسين قوللانمغانلغيدور.
انگليزلر هندستان خلقينى بيرلشيشكه
يول قويماسلق اوچون هندستاننى نورعون
بولەكلەرگە بولوب تاشلەگان. انگليزلر اوز-
لرى بى واسطه 16 اولكىنى ادارە قيلدو. او-
لار تووەندكى جدولدە بيكلەنگەندور: (جدولگە
قارالسون)

## 1 - بريتانيه هندييه‌سينىڭ اولكه‌لەرى

| اولكه‌لەر نامى | يه‌ر مەيدانى ك. ك. م حساب بيلە‌ن | اهالى | بر ك. ك. م. يه‌رگه جايلاشقان خلقنىڭ زىچلىقى |
|---|---|---|---|
| ئاجمير مېرو ارا | 7000 | 560000 | 80 |
| ئاندامان هم نيكوبار | 8100 | 29000 | 4 |
| ئاسسام | 143000 | 8622000 | 60 |
| بېلوجستان ) | 143000 | 469000 | 3 |
| بېنگال 1 | 201500 | 50114000 | 249 |
| بيخار هم اوريسا 2 ) | 215900 | 37678000 | 175 |
| بومباى 1 — 3 ) | 321600 | 21931000 | 68 |
| دهلى | 1500 | 636000 | 414 |
| كورگ | 4100 | 163000 | 40 |
| مادراس 1 — 2 | 369900 | 46740000 | 127 |
| پنجاب | 257900 | 23581000 | 91 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| غربی شمال چگرا اولکە | 35100 | 2425000 | 70 |
| ئاگرا وە ئاهودقوشما اولکەلری (4) | 276200 | 484[illegible]9000 | 176 |
| مەرکزی اولکەلروە بیرار 2 | 2590800 | 15508000 | 60 |
| بتون بریتانیە هیندیستانیسی | 2244600 | 256865000 | 114 |

علاوە:

1 — پینجاب، بومبەی، مادراس اولکەلری ال کری پریزیدینستوادەب ئاتیلیپغان ایدی.

2 — بیخار و اوریسسا، 1936 - یلی 1 - ئاپریلدە 2 گە بولوندی. بیخار یەر میدانی 1795 کوادرات کیلومیتر اهالیسی 32500000 ئادم بولوب و اوریساغا قسما مادراس و قسمەن مادراس وەمرکزی اولکەدن قوشولغان بو توغرولوق معلومات بولماغاننلقدن قوشولموب یزلندی.

3 - 1936- یىلى دومباى اولكسیدن سىنىد ئولكە ئایریلیپ چقریلدى. یەر مەیدانى 120 مىڭ 200 كوادرات ك. م: ئاھالى 3900،000 ادم.

4- اگرا ھو دلەر 1937- یل 1- ئایریلدن باشلاپ قوشما اولكەلەر دەپ ئاتالدى. اولەردن باشقا جایلار 5٪ زدن ئارتوق بگلككە بولونگەن بولوپ ھەربر بگلك علاھیدە «دولت» ھسابلنیدو بگلك رەھبە و ماخارەجەر تامفیلین نیل رەقلینىو ھربر رەھبە و ماخارەجە یەنیدا ئەنگلیز نظارتچى سى تورودو. او «دولتلەر» نىڭ ئیسمیلیكى جدوەلدە كورسوتولگەن. (2 - جدوەلگە قاراسون).

2 — ھیندیستان بەگلیك «دولتلەرى»

| ئایرم «دولتلار» و بەگ یك «دولتلار» گروھ لارینىڭ ناملارى | یەر مەیدانى كوادرات كیلومتر | اھالیسى |
|---|---|---|
| 25 ئایرم «دولتلار» و ئاسسام مانیپور اولكیلیریدیكى بەگلیكلەر | 32000 | 626000 |
| بیلوجستان ئاگینتلیقىنىڭ بەگلیرى | 209000 | 405000 |
| بارودا بەگلیگى | 21200 | 2443000 |

| | | |
|---|---|---|
| 973000 | 14100 | بېنغال بەگلىگى |
| 4652000 | 74500 | پيخار و ئارپادىكى بەگلىكلەر |
| 4468000 | 72700 | بومبەي |
| 6633000 | 130100 | مەركەزى ھىندىستان بەگلىكلەرى: ھەممىسى 89 (ئۇلاردىن چوڭراقلىرى: رېۋا، ئاندور، باپال، اورچا و باشقىلار) |
| 2483000 | 81000 | مەركەزى ئولكىلەردىكى بەگلىكلەر |
| 3523000 | 68500 | غواليور بەگلىكى |
| 14436000 | 215000 | حيدەر ئاباد بەگلىكى (نيزام) |
| 3646000 | 219400 | جاممۇ وە كاشمىر بەگلىكى |
| 6754000 | 27800 | مادراس ئاگېنتستۋاسىغا قاراشلىق بەگلىكلەرى |
| 5095000 | 19900 | ترا و تكور بەگلىگى |
| 1250000 | 3800 | كوچىن بەگلىكى |
| 453000 | 4100 | مادراس ئولكىسىدىكى ئوشاق بەگلىكلەر |
| 6557000 | 76200 | مايسور بەگلىكى |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



| | | |
|---|---|---|
| غربى شمال چىگرا اولكەدىكى تورت بەگلىكلر (بولارنىڭ ايڭ چوڭى دير) | 59300 | 2259000 |
| پنجاب ئاگىنتستواسىنىڭ بەگلىكلرى | 81200 | 4272000 |
| پىنجاب اولكوسىنىڭ بەگلىكلرى | 15000 | 438000 |
| راجپوتات ئاگىنستواسىنىڭ بەگلىكلرى (بولاردىن ايڭ چوڭلرى: بيكانير، ئاودابچور، چايپور، جودپور، چاپسالمير، كوتاخ، لودير) | 335400 | 11225000 |
| سيكم بەگلىكى | 7200 | 109000 |
| قوشما اولكەدىكى ئاغبور و بيناريس بەگلىكلرى | 15400 | 120 6000 |
| غربى هندستان ئاگىنتستواسىنىڭ بەگلىكلرى (هەممىسى 125. اولاردين ايڭ چوڭلرى: قاتيش ادار، جوناغاد، ناواناغار، باوناغار، پاربانادار، گوندال و باشقالار) | 92100 | 3999000 |
| هندستاندىكى بارلىق «دولتلرده» | 1878900 | [illegible]7860000 |

( جاسوسلار سوۋېت خاۋپسىزلىقى « بىرىتانىيە ئىمـ
پېرىيەسى » دىن ئىدىلەر.)

ھىندىستان خەلقىنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتى دۇشمەن-
لاق بولوب ( ئابورىب ) ئاشلىغانغا قارىماستىن
داۋام قىلدى. ئەنگلىزلەر ھىندى خەلقىگە نۇرغۇن-
لىغان ۋەدىلەرنى ئايىماستىن بېرىپ، مالك خەل-
قوولوق — شوملۇقلىرى بىلەن ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساق-
لاب كېلىۋاتىدۇ. بىرىنچى خۇسۇسەن 2 — دۇنيا
ئۇرۇشى دەۋرىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ھىندىستان
خەلقىنىڭ ئازادلىق ھەرىكەت دولقۇنى كۆچىيىپ
ئەنگلىزلەرنى، قۇرۇق ۋەدىدىن ئەمەلىيەتكە ئۆتۈش-
كە مەجبۇر قىلدى، لېكىن ھىندى خەلقىنىڭ بىرلىكى
مۇستەھكەم بولمىغاچقا ھىندىستان خەلقى تا مۇشۇ
كۈنگىچە ئازادلىق ئورنىغا تۈرمە، نان ئورنىغا ما-
تق ئوقىغا دوچار بولماقتا. ھەتتا ھىندىستاننىڭ
ئاساسى پارتىيەلىرى بۈتۈن ھىندىستان كونگرېسى
ۋە مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى، ئۆز ئارا ھەرىكەت بىرلىكىنى
تەئمىن ئېتەلمەي، كېلىۋاتماقدا.

لېكىن جەمئىيەت تەرەققىيات قانۇنى ئالغا قاراب
باسماقدا. ھىندىستان خەلقىنى سىنىپى بۆلۈپ يېبەر-
گەن بىلەن، خەلق ئاممىسى، ئازادلىق ھەرىكىتىدە
بىرلىشىشنىڭ مۇھىملىكىنى سېزىبە، بىرلىشىشكە ئىنتـ
ـىلماقدا. ئەنگلىزلەر ھىندىستاندىكى خەلق ئازاد-

لىق حەركىتىدىن قورقوپ هىندىستاننى ايككى بو
لوپ، اولارنىڭ اختىيارىنى « اوزلىرىگە بېرىش
نى » اعلان قىلدى. .... لېكىن هىندىستان خەلقىنى
قوللىرىدا ساقلاپ كەلمەكتە بولوپ، پارچىلاپ
حاكىمىيىتنى ساقلاپ قېلىشنى ياخشى چۈشەنگەن
انگىلىز جاھانگىرلىگى هىندىستاننى پاكىستان وە
هىندىستان قاتىب ايككىگە بولوەتتى. انگىلىزلارنىڭ
هىندىستانغا مستقللىك بېرىش پلانىغا موافقىبەگ
لەرنىڭ موشو ايكەن. بولەكىنىڭ بېرىگە كىرىشى
ياكى كىرمەسلىك حقوقى اوزلىرىدە بولىدو. اگەر
بەگلەر هىندىستان ياكى پاكىستانغا كىرىشنى خا
لىمىسا، علاهىدە « مستقل » « دولت » بولوپ
ساقلىنىش حقوقىغا ايگە. انگىلىزلارنىڭ هىندىستان
نى قوللىرىدا ساقلاش بو پىلانى ايضاحتسىز،
كىچىك بالىغىمۇ چۈشۈنۈشلۈك امەسمىدى ؟!...

بونى كېيىنكى كونلەردىكى هىندىستان احوا
لى ئايقىن كورسەتتى.

نورغون مىليونلىغان هىندىستان خەلقى ئازاد
لىق اوچون قىلغان كورەش تارىخى — ئاغمەك
دوگىلانغان يوك بولسىمو، اونى ئەشىيگەنگەندىر
ئاغامچا خىزمىتىنى اوتەلمەيدىغانلىقىنى كورسە
تتى. شونىڭ اوچون هىندىستان خەلقى انگىلىز
لەرنىڭ حىلە ـ مكرلرىگە قارشى برلشىپ كو

رەش قىلىپ ئوز ئەركىنلىكىنى ئىلىشقا ئىنتىلمە
كتە. ھىندىستان خەلقىنىڭ ئازادلىق يولىدا يوقلى
كاشاكلار بولوپ تۇرغان ھەر خىل ئىغۋاچى،
ستلما عنصرلەرنى، ئىزىلگەن ئازادلىق سۆيگۈچى
ھىندىستان خەلقى، دەپسەندە قىلىپ، يېڭىپ ئوتوپ ئوز
مۇستەقىللىكىنى قولغا ئالغۇسىدۇر.

## 2-خىتاي مۇستەملىكەچىلەر نىڭ مۇستەبىت سىياسىتى وە خەلقىمىز نىڭ ئازادلىق ئوچۇن كورەش تەجرىبەسى

يوقىرىدا بىزنىڭ يورتىمىز مۇستەملىكەچىلەرنىڭ مۇستەم
لەكەسىنىڭ مۇستەملىكەسى دىگەن ئىدۇق. بىزنىڭ يور
تىمىزنى يىسىپ ئېلىپ، مۇستەملىكە قىلىپ ئالغۇچىلار
نىڭ ھەرقانداق ئاغزىدىن چوشەر مەيدىغان
5 مىڭ يىللىق مەدەنىيىتى — ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيىتىدىن
ئوتكەلمەسىدىن تۇختاپ قالغان مەدەنىيەتلىدىن ئىبا
رەت ئىدى. شۇڭلاشقا بىزنىڭ يورتىمىزنى ئىيل
ە قىلىشقا كىرگەن ئەمەلدارلارنىڭ ئاڭى قەدىمقى
زامانغا سىلىشتۇرغاندا ئالغا كەتكەن لېكىن بىزنىڭ
زامانىمىزدىن دايىم مەسىلەلەردە 4-5 مىڭ يىل ئەمومەن
200-250 يىل ئارقىدا قالغان ئاڭىسىنى ئادەملەر
بولغانىدى — ئولكە خەلقىنى ئوتتۇرا ئەسىر ظالىم
ساقلاپ ئىدى. شۇنىڭ ئوچۇن بو يەردە بىزنىڭ

خلقىمىزگە ئەركىنلىك وەبەرابەرلىك كەلتورگەن
اولوغ واقىعەلەردىن اولقى احواللار اوستى
دە بىرئاز قىسقىچە توختاب اوتوشكە توغرى
كېلىدو. بىزنىڭ خلقىمىز نورغون يىللاردىن بويان
بىزنىڭ يېرىمىزدە اوزلرىنى تولوق خوجايىن دەپ
تونوپ، يەرونقى زامانلار دېگىدەك استىبداد
چىلىق، قول چىلىق شەكلىدىكى اصوللارنى
قوللونوب خلقىمىزنى ئېزگەن شەخسى عەمەلدارلار
ىنىڭ نايىاق ئاستىدا دەپسەندە بولغان ايدى.
كوب يىللاردىن بويان حكمرانلىق يورگو
زوپ كەلگەن شەخسى عەمەلدارلارى خلق ئاممى
سىنىڭ ئەركىنلىكىنى وە خلق چىلق حقوقلار
ىنىڭ دوشمەنلرى يالغىجلىق شلق وە اوسجولك
شكلدا بىزنىڭ خلقىمىز اوچون طاقت قىلالماسلىق
شرائط پيدا قىلىپ خلق وە كېلىدىغى حاكىمىيت
اورونلىرىغا يقىن يولاتقوزماس ايدى.
ترقى پرور خلق رهبرلرىنىڭ وە خلق
اشىگە صادىق يەرلىك معتبر زاتلارنىڭ پوتلىرىغا
كشەن، قوللىرىغا كويزا، بويىنىغا قىرىق سىلىنىب
زىندانلارغا تاشلار وە خلق ايلى عادى توردىكى
ئەركىنلىكلەر توغرولوق ايغز ئاچالماسلىن
اوزىنىڭ اوستىدىكى وەحشىلەرچە قانىق ظلمنى
ايزىشنى كوتوروشكە مجبور بولارئەدى. مسە

لیکه چیلر بورونلاین سناقلیپن اوتکەن و تجربە
بەده تەکشورولوب سورولگەن قامچا بلەن قان
بلەن، و ماتلار قارسیغا زیلیبیچیلیك دیشمەنلیك
سیلش اوصولی بلەن بزنك خلقمزنی سوزسز
اوزیگه اطاعت قیلشغه تامیمن قیلار ایدی. اولا
رغا سیتلغان خلقمزنك اشلەی دوشمەنلری بو
لغان ادر قاریمزدین چققان منافقلار اولاردین
هیچ قنشماسلیین اولار بلەن بیرلکده اولارغا
خدمت قیلار ایدی.

وحشیلەرچه ایزشکه دوچار بولشیغاو سوز
مطبعه، مجلس هم اویوشوش کبی عادی سیا
سی، حقوقلاردین محروم بولشیغا و هم کوتو
رەلمەسلك دەرجەدیكی ایغیر سیلقلارغا قاریما
سلیین، بزنك خلقیمز قوللارقلیپ قوتولوش و
ئەرکنلك اوچون کورەش قیلش مدعاسینی هر
گز تاشلیمای یوروب کەلدی.

خەلقنی عملدار لری و اولارغا ستیلغان منا
فق مستبد عنصرلار بزنك خلقیمزنك قایغو
حصره تیلیین فایدەلانیب بیتلغان ایدی، بر طرفدن
محنتکەش خلقیمز اوز لرینك بلیمینك قانلرید
نی سیچل سیلش اوچون تیکوب، اوزلری ایغر
اشلەرنی بجریب تورسه، ای ایغر سیلقنی تولەب
توروغلوق اوزلری هیچ قندای حقوقلاردین قاق
لدیلانیایدیغان بولسا، ایکنچی طرفدن منافقلار

اولارنى قوللوققا توتوپ بەرەر ايدى. قەيەردە هاكىمىيەت بارلار ــ مەھكومىيەت ئاسارىتىدە بولغان خەلقنىڭ سىياسەتتىن يىراق تورۇشى، اونىڭ اوچون اولارنىڭ ساۋادسىز، مەدەنىيەتسىز بولۇشىنى خواھلار و ئەڭ ياخشى اصول اولارنى قوللارچە اشلەتىش و مىللى زىددىيەتچىلىكنى كوچەيتىش دەپ حسابلار ايدى.

يىراق تارىخنى، ئارقىغا قايتۇرۇپ بولمايدو. جمعيت ترقيات قانونىنى، بىر تۈپ ئۆزگەرچىلەر توختوتالمايدو. ئەنە بىزدە، خودى شونداق بولدى. خلقنىڭ طاقت قىلالمىغان حالى قالمىغان بىر مەنگىلدە 1944 ــ يىلى خلق ئارىسىدىن چىققان الغار فكرلىك معتبر زاتلىرىمىزنىڭ يول باشچىلىقىدا قوزغالغان عمومى خلق قوزغىلاڭى بىزنىڭ خلقىمىزنىڭ غلبەسى بىلەن يەكونلەنىشـ دى. بىز قوزغولاڭنىڭ غلبە قازىنىشىغا هيچ قانداق شەككۇبھەمىز يوق ايدى. چونكى خلقى مىزنىڭ قوللوق، ئاسارەتتىن قوتولوش اوچون خلقچىلىق، اركىنلىك حقوقىغا يىتىش اوچون هر قانداق قوربانلىق بىرىشكە راضى ايكەنلىكى گە تولوق ايشەنچىمىز بار ايدى. خلق غلبە قازاندى. بىزنىڭ كوپ جفا تارتقان، حسرت چەككەن خلقىمىزنىڭ اوز ئانا وطنى بولغان يرى مىزدە حقىقت و عدالتچىلىك اورونلاشدى.

حربى حركت تمام بولوشى بلەنلا خلق مستقل تورموش قوروشقا باشلايدى . طبيعى ، موافق احواللا هر قانداق كشيلك جمعيةدە دائيم دوچ بولوديغان تورغونليغان قيينچلق و كامچيلقلارغا بزمو يولوقيمىز، لكن بزنك اركينليككه، پارلاق استقبالغا قاراپ اينتلىشمىز ئاستا - ئاستا كامچيلقلاريمزنى يوقاتقوسى و تورموشيمز عادتليكى يولغا كركوسيدور .

بز خطاى طرف بلەن تنچلق بتيم توزگەندن كينمو ئار حصرت قا تميديق . عكس الحركةچيلرنك قلمشلري و خطاى مستبد دائيردلرينك صاديق ايتى بولغان ستچلدا عثمان و قالى بك ارنك باسقونچيلق حركتلرى بزگە ئازز يمان زەخمەت يەتكوزيدى ليكن حاضر بزنك بتون خلقيمز ئالغا قاراپ ترقيات سيرى بولشچ اينتەيلشدە . مستقللق و اركنلك ننمه ايكەنلكينى يتەرلك دەرىجيدە ياخشى چوشندى . خطاى عكسس الحركتچى دائيرلرينك و هم اولارغا ستلغان منافقلارنك هيچ قانداق قوللوق شومليغى و اغوا حركتلرى بو خلق حركتنى توختو ئالمايدو هم تاريخ چاقنى ئارقيغا قاراپ ياندورالمايدو .

## 3– اولکه‌ده یاشیغوچی ایزیلگه‌ن میلله‌تلرده حرکت برلیگی بولمغانلیغینینگ سببی

خلق عامه‌سی‌ارکینلیگینینگ و خلقچیلق حو قوقلرینینگ دوشمه‌نلری دیننینگ کوب - میلله‌تلی مرکبلیگیمزدن و بزده قالاق اوروق قبیله‌چی لیک مناسبتنینگ بارلغیدن فایده‌لانیب ئایرم میلله‌ت یاکی اوروق قبیله گروهلرینینگ بیرلشیب خلقچیلق سیاستی ئاستیدا برابرلیک اوچون کو رشیش ئیشینی قازانغان موفقیتلرینینگ نتیجه‌سی نی اوزارینینگ ئاوانتوریستلق مقصدلری او چون بوققا چقرار ایدی. خلقیمزنینگ عمومی دوشمه‌نلری بولغان و همه میلله‌تلرنی اوخشاش ئه‌زگوچی ظالم مستبد خطای مستملکه‌چیدا ئیره‌گه قارشی کوره‌شده بیرلشیشکه و بیرصفده اولارغا قارشی چیقیشقا امکانیت بیرمه‌سلیک او چون اولار میلله‌تلر ئارسیدا ملی ضددیتلیک اوت نی یاقیب و یاقماقدا .

اولارنینگ 1946 - یلی 6 - ایون ئیلان او زولگه‌ن بیتیمنی بجرمه‌سلیکلری ئونی قوپاللیق بیله‌ن بوزوشلرینی یالغوز موشو سبب بیله‌نلا توشه‌ن دوروش ممکین. شونینگ اوچون خطای مست بد دائره‌لری قاراقچی عثمان و قالی بیکلر بتون اولکه خلقینینگ قهری غضبیگه و نفرتی

لەريگە اوچرىغانلىقلىرىنى ياخشى بىلىپ تۇرۇق
لوق، اوزىنىڭ خاقچىلىق اركىنلىك حقوقلىرىنى
چلىشىپ قولغا ئېلىپ تنجلىق بىلەن اوزىنىڭ تور
موشنى قوروواتقان ئەركىن ۵ ولايت خاقىغە
قارشى او باندىتلارنىڭ باسقونچىلىق، بولاڭچىلىق
هجوملار قايشىغا تا شو كونگە قدر يـــاردە
برىواتقانلىقلىرىغا تعجبلىنىشنىڭ حاجتى قالمايدو.
مستملىكچىلر و اولارنىڭ قول چوماقلـــرى
بولغان عثمان، قالىبەك باندىتلىرى تنچ ياتقان
خاقىمزنى وحشىلرچە خانە ويران قلشلىرىنى
خوتون-بالىلىرىنى ئۆلتورۇشلىرىنى، مكتب، مسچىد
لەرنى شىفا خانىلرنى اوت قويوپ كول قلغان
لقلىرىنى و حكومت ئادەملىرىنىڭ تولوق ياردەمى
بىلەن باسقونچىلىق بولاڭچىلىق ايشلەرنى شوكون
گىچە داوام قىلدورواتقانلقلىرىنى بىزنىڭ بىتون
اولكە خلقىمز هيچ واقتدا كىچورمەيدى و
كچىرەلمەيدو و اونتولمايدو.
خصوصەن باسقونچىلىق و وحشىلكلەرگە اوز
لرى يولوقوب باشلىن ئوتكوزگەن خلق بوش
ققتسز ياووز - قاتللەرگە هيچ واقتىدا هم كه
چرم بىرەلمەيدو وە اونوتولمايدو.
خطاى مستبد ه ئوردولرىنىڭ بوقنلاشقان هلا
كتى ئولارنى اولكومزنىڭ جنوبىدىكى خلققە
بېرىلگەن عادى سياسى حقوقلارنى يوقوتوش

يولى بىلەن، ئەسكەرلەرنىڭ ملتىق اوچىدىكى
نەيزىسىنىڭ ياردەمى بىلەن خلقنى قاتتىق پالىتسىيە
نظر بەندلىككە ئېلىپ تومور قاپقاندا تۇتۇشقا
مجبور قىلىۋاتىدۇ. ظالىم مستبد ختاى دائىر
ەلرى اويغور خلقى ئاللا قاچان خلقچىلق جم
عتىنىڭ سرتىدا تاشلىۋەتكەن. ئۇلاكە خلقىمزنىڭ
اركىن هم تنچ تورموشىنىڭ اشلىرى دوشمەن
لرى بولغان بلى منافقلاردن فايدلىنىپ، تېخى
جنوبدە اوزلرىنە، مستحكم سزىلدو.

بزنىڭ خلقىمزنى تېكىۋاشىدن قولاوقغا تو
توپ برىش سياستىنى يورگوزواتقان خطاى
ظالىم مستبدلرىنىڭ قانىتى ئاستىدا تورون
تاپقان بو ئادەملر هيچ قانداق خلق حمايەسى
گە ئىگە بولمىسىدو، اوزلرىنىڭ ئارقىلرىدا خطاى
مستملىكەچى خوجاينلرى بولغانلىقىدن تېخى حكو
مت اورونلرىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتماقدا.

اولارنىڭ صفيدە هەممىگە معلوم بولغان ساتقىن
رىئاكسيونچى بەغرز مسعود، منافق عيسى و
بولارنىڭ سادىق يولىپشى «دارين» يولبارس
و شولارغا اوخشاش قازاق خلقىنىڭ ئاساسى منـ
فعتىنىڭ دوشمنلرى بولغان پەس طبيعتلىك ستيـ
ما خاديولىك و جانيمخانلار تورودر.

ئۇزلرىنى كۆرتولمىگەن خاپچلىقدن ساقلاش
اوچون خطاى مستبدلرى قەشقەر خلقى ئارىسىدا

ئاتاغلىق خەلقچىل صف ئەربابى سويوملوك قاريەمىز عبدالكريم خان مخصومنى واليلاق وظيفەسيدان ئيلاب اوى حبسىگە ئالدى.
اونڭ يولداشلارينى بولسا - قاماققا ئالدى .

ظالم خطاى مستبد دائيرەلەرى — قانلاق قليپ مسلمان خلقى ئاريسغا بولگونچىلىك سيلىپ، ملى ئازاداق حركتىنى تفريقەچىلىككە ئايلاندورش يولينە ، تيپشقا كيچە — كوندوز بـاش قاتورماقدا. شونڭ اوچون هر قانلاق ماتاچىدن اوزينڭ « داشقى » چقشنى خواهلايغان ئمپريالستيك دولەتلرگە اوخشاش « اولوغ » « ملى » « دولت » قوروش پلانى بلەن اوروشچيگە بارسا خطاى مستبد حربى دائيرەلەريدين حيمايەچى و ياردەمچى ئيزلارى هيچ قانلاق تصادفى احوال ئەمەس . شونى كەدەك چنگزخانڭ « تاريخى » و اونڭ اولوغ ئيمپريەسينڭ بزنىڭ اولكىدە ياشيغوچى منغوللار بلەن بار ليقلاتيش پلانى ، ياكى خطاى گينەرلينڭ مشكيجانىڭ ديكى گولەنيگىسى ، مسعودنڭ گاسيبى ديگەنيد

(1) موناقا — بزنڭ سويملوك ناحيەمزدين ئچيك ، 1.500 مربع كيلوميتر يير و 23 مڭ خلق نفوسيغا ئيگە « مستقل » « دولت »

بیلەن تارتیپ، یاقوتلارغا قار چەگراسی بولغان ئامەریکایا کبی خطای دولیتی قارەمیغیدا «اولوغ» «تورك» «دولتی» قوروش خیالی افسانەوی چویلوش دن عبارت بولوپ، ئادەمنك عقلی حیران بولورلق نرسە بولسیمو، لیکین بو پلانلار خطای مستبد دائیرەلری بیلەن حمایەچی تاپماقدا.

بز بو نداق و بونگا اوخشاش خیالی ئاوانتیور یستلق پلانلارنی قورمایمز بز اولار دین یراقدیمز. چونکی بزگە خلقمزنك حقیقی ئەرکینلیگی و اولکەمزدە یاشیغوچی مللەتلەرنك عملدیکی برابرلیگی همیدن قیمترەك دور.

هر ملت اوزلرینك ئەرکینلیگینی بزنك اولکەمزدە یاشیغوچی بارلق باشقا مللەتلر بیلەن برلیکدە گینە قولغا ئالالایدیغانلغینی بزگە تجربە اورگەتمەکدە.

هر ملت اوزینك ئەرکینلیگینی یالغوزلا حقیقی خلقچیلق سیاست تولوق یورگوزولوشی نتیجەسیدیلا قولغا کرگوزەلەیدیغانلغینی تجریبە کورسەتمەکدە

یالغوزلا حقیقی خلقچیلق سیاست بزنك اولکەمزدە یاشیغوچی هەمە کیچك و چوك یرلك و کللی مللەتلرنك و هم اورق — قبیلە گروهلارنك عملیتدیکی و راس برابرلیگینی تامین ایتشکە قادیر ایکیگەنلیکینی تجریبە ئس باتلماقدا.

دیمەك يالغوز لا حقیقی خلقچیلق سیاست بزنڭ اولكەمزدیكی بارلق ملتلرنڭ برلكدە تنچ حیات كوچوروشینی، و اولارنڭ تورموشینی یاخشیلاشینی تأمین ئیتەلەیدو. طبیعی هر ملت و اوروق قەبیلەلرنڭ ملی منفعتینی خلقچیلق سیاست تورموشقا ئاشورولوش بلەن تأمین ئیتەلەیدو. شونڭ اوچون هر ملت اوز ملتینی ئازادلققا چقریمەن دیسە — خلقچیلق صفنی برلك اتفاقینی چیكیتمش اوچون كورەش ایلیب بریشی لازم. شونڭ اوچون اتفاق مراجعتیدە:

« اگر بزنڭ ئولكەمزدە یاشیغوچی ئویغور — قزاق، قرغز، منغول، خطای و تونگان، اوز بیك باشقا خلقلر قانونسزلق، حقوقسزلق، قوللوق، گدایلق و جهالتلكینی، منگو یوقوتوش اوچون برلەشسە، شك جاڭ خلقلری ئاریسیدا تنچلق و دوستلق، عدالتچیلك و حقیقی ئەركینلك جەزمەن اورنتیلەدور.» ( اتفاق تأمینس ) مجلس مراجعتیدە ) دەب یازیلغاندور.

بز وطنیمزدە فایدیلق محنت بلەن شغللەنگوچی ئادملر صفتیدە تورموش قورماقچیمز و قورۇیمز بز تورموشدا ئایرم ملتلرنڭ ئاریسیدەدا دوشمنلیككە و خلقلرنی پەس كوروشكە اورون بولمایدو.

4 – خلقچىلىق وە تنچلىق اوچون كورەشنى، بىرلىك سەپنى قوروشنىڭ مۇھىملىگى

بزنىڭ خلقمز ئاتىلىرىمزنىڭ و بالىلىرىمزنىڭ دەھشەتلىك كورەشلەردە قان بىلەن ئالغان ئەركىنلىگىنى هەرگز قولدىن بەرمەسلىكىگە و اوزىنىڭ پارلاق ئستقبالىغا ئىشنىدو.

بزنىڭ پارلاق كوچىمزنى بىرلەشتوروش اوچون خزمت قىلايدىغان وە خلقىمزنىڭ پارلاق قاتلاملىرىنىڭ منفعتلىرىنى، تامامەن ئىپادەلەيدىغان عاممەوى تشكىلاتىمز بولوشى، كېرەك ئىدى. موز ماو، تشكىلاتنى قوروش واقتى يتب كەلگەن ئىدى. برنچى ئاوغوستتىكى و كىللار مجلسى حقيقى خلق تشكىلاتى قوروش اوچون قبول قلغان قرارىگە ئاساسەن شنجاڭدا تنچلىق و خلقچىلىقنى حمايە قلش اتفاقى قوروش و شو وكىللار مجلسىنىڭ اولكە خلقىگە قارىتا دوتش تشكىلات صفىگە اويوشوشقا مراجعت قلش خلقىمزنىڭ بو ئارزو طلبىگە تازا توغرى كەلدى.

مذكور مراجعتنى كورسەتكەندەك بويىچە، شنجاڭدا تنچلىق و خلقچىلىقنى حمايە قلش اتفاقى 1946 – يىلى 6 – ئايدىن بېرى ئىجرا قلش، بو ئىتتىپاقى بوزغوچى ئاۋانتيورىستلارغا ضربە

بریش ئیشینی تشکیل قیلمش، ئەلك جالق خلقلاری
ئاریسیدا ئەركینلك و تینچلقینی اورنەتوشقا
ئینتیلگەن ترقی پروەر ئادملارنك كوچینی بر
لەشتوروش كەبی وظیفەلرنی، اوز اوستیگە ئی
لیشی بو تشکیلاتنك اولگەمزلك احوالینی ... اسا
اعتبارغا ئیلیپ توروپ - عمومی خلقلارنك منفعتینی
صداقتلك بلەن حمایە قیلیدیغانلغینی كورسوتیلدی.
وكیللر مجلسینك مراجعتی اتفاقنك خلقلارنی
قانونی حقوقلرینی، تاءمین ایتیدیغان بتمم بونیچە
ئقرار قلنغان توبەندیكی مهم چارەلارنك
تورموشقا ئاشورولوشی ئوچون حركت قلیدی
غانلغی اعلان قلیندی.
1 — سوزدە، مطبوعاتدە، مجلسدە و تش
كیلی اویوشمادا دینی، اعتقادا حقیقی ئەر
كینلكنی تاءمین ئیتمش.
2— ئەلك جاكیدیكی همەخلقلرگە حكومت
ئیدارەلریدە ملت ئایریماسدین، هر قانداق ئور
ون وظیفە ئیشغال قلیشقا برابر حقوق بیریش
3— خلق ئیشەنچیگە ئیگە یرلك فقرالردین
مأمورلر سایلاش پرینسیپنی عملیتدە یورگوز
وش، 4— حكومت ئورونلریغا یاردم قیلیشدە مأ
مورلر حركتی ئوستیدین نظارەت ئیلیپ بیریش
ئوچون خلق ئیشەنچیگە ئیگە ئادملرنچیدین

سايلانغان كېڭەش مەجلىسلىرىنىڭ ، تۇرۇش وە ئىشلەش شەرائىطىنى تەمىن ئېتىش . 5 ـ مىللى ئاقارتىش جەمىيەتلىرىنى وەباشقا شىنجاڭ خەلقلەرىنىڭ تورمۇشىنى ياخشىلاشقا ئىنتىلىدىغان جەمىيەتلەرنى، تەشكىل قىلىش .

6— شىنجاڭ خەلقلەرىگە ئوز ئانا تىلىدە گېزىت ژورنال دەرسلىكلەر وەباشقا ئەدەبىياتلار نەشر قىلىش ھوقوقىنى بېرىش و ئونىڭغا ئىمكانىيەت توغدۇروپ بېرىش .

ئوز ئانا تىلىدە ئوقوتىلىدىغان ئىبتىدائى مەكتەبلەر سانىنى كوپەيتىش، كەمباغەللەرنىڭ بالىلىرىغا ھەقسىز كىيم تاماق بېرىپ ئوقوتوش مەكتەبلىرىنى قوروش، شىنجاڭ ئولكەسى خەلق خوجىلىقىنىڭ زورلۇق ساھەلىرىگە مۇتەخەسسىسلەر تەيارلىغوچى، ھونەر مەكتەبلىرىنى قوروش ، شونىڭ بىلەن بىرلىكدە مەخصوص و عالى ئوقوش يورتلىرىنى ئېچىش ، تياتىر — كىنو و رادىيو قوروش.

8 — عەدلىيە ئىشلىرىنى شىنجاڭ خەلقلەرىنىڭ ئانا تىللىرىدە يورگوزوش و عەدلىيە مەحكەمەلىرىنى حكومەت ئىجرائىيە ئورگانلىرىدىن مستقل قىلىش.

9 — حربى خىزمەتچىلەرگە ھەم عائىلەلىرىگە ھەممە فقرالرگە ئوخشاشلا سياسى حقوقلار بېرىش .

10 - دوختورخانە ، شىفاخانە و باشقا داوالاش مۇئەسسەسەلەرنىڭ سانىنى كوپەيتىش، شو

نوکر بلەن برابر کمبغللرگە حقسز طبیبی یاردە
نی تشکیل قلش.
11 — شرق جاشنك توب تورا قلق اهالیسی
بولغان بارلق ملتلرنك برابر اساسیدا زمین
یایلاو، قشلاق — چاروا - مال صناعت مونەسە
سەلرگە و هملە هر قاندای باشقا کوچمەس
و کوچمیغان ملکلرگە خصوصی ایگەدارچیلی
قیغا چیقلماسلقنی (تعرضدن خالی بولوشنی)
کفالەتلەندوروش.
12 — یەرگە اشلەش سو چقریش اشاری
نی ترقی قلدوروش اوصوللرینی، یولغا قویوش
و یایلاو، قشلاقلارنی یاخشیلاب چاروا مالنی
اوستوروش.
شرق جاشدا تنجلق و خالقچیلقی حمایە قلش
اتفاقی خلق آلدیدا بو اولوغ و مقدس وظیفە
لرنی خلقنك اوزیگە تاپیشب توروب، خلق خا
هیشینی حل قلش مسئلەسینی اوززمەسیگە آلیدی
خالیقینی باسوردی.
اتفاقنك یوقوریدیکی خلققە قاریتا چقارغان
مراجعتیدیکی- پروگراماسالق طابی و اتفاقنك یو
لیغا قراب بزنك جمعیتیمزنك همە قاتلاملرینك
منفعتنی کوزدە توتوب، حقیقتدە بتون اولکە
خلقلرینك آزادلیغینی و مستقل تور موشینی

تامىن ايتىش اوچون اولكە خلقىنىڭ اوزون يىل-
لاردن بويانقى ئازادلىق اوچون قىلغان كورەش
لارينىڭ تجربەسينى حسابقا ايلىب ، اولكە احـ
واليىنى هر طرفليمە سالماقلاب ، اولچەب چيقىش
نتيجەسيدە ميدانغا كەلگەنلىكىنى كورگىلى
بولادو . هممە مراجعتلر اتفاق «ختاى جمهوريت
حكومتىنىڭ بارلىق ترقى پرور حقيقتەن خلقچيل
تدبير چارەلىرىغا قوشولوب ، همە كوچى بلەن
ياردەملىشەيلو» دەب بيان قيلنغان . اونىڭ (اتفاق
نىڭ) حاضرقى خلق ئارا احوالنى اعتبارغە ئالـ
غان ، بزنىڭ ارادەمزنى اوز يىنىڭا اوروش بارىسىغا ئايلاند
لدوروب ، مظلوم خلقمزنى دەفسەندە قيناش او
چون ، اغوا تشكل قيلىشقا اورونغوچى جهانـ
گىرلارنىڭ ئاخرقى «قوراليىنى» قيقب تـوشوروب
يېبەرگەن ، اولكەمزنىڭ اوزيدە تواكاچىلىك بلەن
اوروش اوتينى يقىشقا ئورونوب ، قوراللرينى
تاراقليتب يورگەن سوك شى لەنگە اوخشاش
ميلتارستلارنىڭ بزنى بىمگە رعايە قىلمايدو ، ديد
گەن بهانە بلەن يوزلىگەن الغار ضياليلريمزنى
توتقونغا ايلىب ، خلقمزنى قامال احواللدا ساق
لەشيغا هيچ قاندلاق ئاساس قالدورمايدىغان ئو
زاقنى كورگەن ملت تقاضيرى بلەن اوينىماي-
دىغان تواكاچىلىك بلەن خلق فيئىنى مطلقتو كوشكە
رازى بولمايدىغان هر خىل ئاوانتورستلىق حـر

كەتمەن ازاقتا توريدىغان خلقىمىزنىڭ وطنىمىزنىڭ
جدى حمايەچىسى بولغان، مىللەتلەرنىڭ ئازادلىق ف
كوچىنى برلەشتوروب اولكەمىزدە مستحكم تنچلىق
سياستىنى ساقلاپ قالماق و خلقىمىزنى دائىما خانە
وەيران قىلىب، مالى زيانچىلىك اوتىنى يېقىب كويدوروب
ئەزلرى اورنىدا تەلەپلىرى قىلىنغان ئىشلارنى كەيىن
ساستىنى يوقوتوش اوچون كورەش قىلىب بارى
لىغان تشكىلات ايكەنلىكىنى كورسىتىدو. تنچلىق
ئوچون خلقىمىزنىڭ ئەر كىنلىكى اوچون ولايت
خلقىنى ظلمدىن، عذابىدىن قوتقازماقتىن قوتولدو
روش مقصدىدە بتون اولكەنى كوزدە توتوب،
حاضرچە 3 ولايت دائىرەسىدە قورولغان شىلك
جاكىدا تنچلىق و خلقچىلىق حمايە قىلىش اتفاقى
عاممەوى، خلق تشكىلاتىدور. چونكى اوحدتنى
خلق منفعتىنى حقيقى ئەر كىنلىك، برابرلىك،
دوستلوق و تنچلقنى اورونلاشتوروش اوچون
شونىڭ بىلەن برابر بىزنىڭ وطنىمىزدە ياشىغوچى
خلقلرنىڭ تورموش احوالىنى ياخشىلاش ومدنى
سەويەسىنى كوتوروش اوچون كورەش ايلەپ
بارغوسىدور.

جهانگىرلرنىڭ اوز مستملكەسىنى بوى سون
دوروب توروش اوچون قوللانىلىدىغان اوصوللرى
نى ختاى مستملكەچىلرىمو بزنىڭ وطنىمىزدە قول

لونوپ كەلدى و قوللانماقدا. بۇ ئوصوللارنىڭ ئاساسى ئولار ئوچون ياخشى منفعت بېرىدىغىنى ملى بولونچىگەلىك سېلىشدىن عبارەت بولدى. بزنىڭ خلقىمز موندىن بولغونچىلىك تفرىقەچى-لىك دەردىنى و پلاكتىنى نهايت كوپ تارتدى، تا موشو كونگىچە تارتماقدا.

مستملىكەچىلىك ظلمىدىن قوتولىمەن — دىگەن مستملىكە ئەللرنىڭ، جملىدىن بزنىڭ خلقىمزنىڭ ئەڭ ئەول مستملىكەچىلرنىڭ ملى و قبيلەوى بول-گونچولوك چارىلرىگە يول قويماسلىقى اونى عمل-دە ئار — مار قلشلرى كېرەك. بونى بزگە تا-رىخ فاكت بلەن اورگەتمەكدە.

شۇڭا جاڭدا تنچلىق و خلقچىلقنى حماية قلش اتفاقى خلقىمزنىڭ نەزە شو تارىخى تجرىبەلرى-گە ئاساسەن تشكيل قلنغان خلق نەركىنلىگىنىڭ دوشمەنى بولغان مىنكور زهرلىك و جهانگرلك پلا-نيغا قارشى كورەش قليديغان خلق تشكيلاتيدور. شونىڭدەك شىنجاڭدا تنچلق و خلقچىلقنى حما-يە قلش اتفاقى خلقىمزگە برلك و حقيقى برا-برلك ئاساسىدىكە، يڭى ئەركىن — مدنى، باي تورموش يارىتش اوچون كورەش قلغوچى تش-كىلاتدور.

بز يوقوريدا مثالغا ئالغان هندستاننى ئەز

گیاز جهانگیرلیگی بورونقیدەك تولوق مستەملە
كە احوالیدا ساقلاپ قیلشتا كوزی یەتمەسدن،
شونداق اوستولوق بلەن اوزی نورغونلایغان بو
لەككە بولوپ تاشلاپ، حاضرقی كونلەردە هندی
و مسلمانلارنىڭ قانینی دەریالاپ ئاققوزوپ قویوپ
ئوز حكمرانلیقینی ساقلاپ قلش پلانینی عملگە
ئاشوروپ یاتیدو.

ختای مستملیكەچیلری بزنىڭ اولكەمزدە اوز
حكمرانلقینی شونوڭغە اوخشاش اوصول بلەن
ساقلاپ قلش مقصدیدە خلقمزنىڭ برلك ئازادلق
صفیگە بولگونچولوك سالش اوچون اولكە
خلقینىڭ ئەركینلیگینىڭ اشددی دوشمنی، خائین مس
عودنی قورچاق « رەئیس » قلیب تیكلەپ قویدی.

مسعود عینیلر ختای مستملكەچیلرینىڭ
حاكمیتینی، تولوق ساقلاپ قلش اوچون بولونچە
تریشب «خدمت» قلسیلردو، خلقمزنىڭ ئازادلق
برلك صفیگە بولگونچولوك سالالمیدی ختای مس
تملیكەچیلرینىڭ اولاردن كوتكەن ئارزو وە تلەك
لرینی اوروندیالمیدی. شونداقیدەمو هیچ قان
داق اوتوق اوز-اوزلیگیدن كەلمەیگەنیدەك
خلقیمزنىڭ برلك صفینی مستحكم ساقلاشیشمو
اوز-اوزیدن حاصل بولمایدو. اونی هر خل
فتنەگە قولاق سالمای، اغواغا بریلمەی ئەدە

شو بىلەن صفىنى پولاتدەك چىڭىتىب ساقلاش او
چۇن تشكىللىنىش كېرەك، اگر بز مستملىكەچى
لەرنىڭ مستملىكەلىك ظلمىدىن قوتولوب ئازاد ـ
ئەركىن تورمۇش قورومز دىسەك ـ اتفاق اط
رافىدا زىچ اويوشوب، ئونىڭ رەھبەرلىگىدە
خلقىمىزنىڭ عملدىكى حقىقى برلىگىنى و مستحكم
اتفاقىنى ملى ئازادلق حركت كوچىنى بەرپا
قىلىشىمىز لازم. بو بولسا، بزنىڭ كورەش يولى
مىزدىكى علەمزنىڭ ئاساسى، عامىلىدور.
چونكى ملى ئازادلق حركت كوچى ـ
برلىشىشدىدور.

1949 ـ يىل («اتفاق» ژورنالىدىن).

# خلق ئارا احوال و اتفاق

## نەتىجە خلق — ئارا احوال توغرولوق

2 — دونيا اوروشىدن كېيىن خلق — ئارا احوالدا 3 خيل اوزگوروش بولدى:

1نچى اوزگوروش

2 - دونيا اوروشىدىن ايلگرى خلق ئارا احوالدا بەلگولەيدىغان كوچ ئاساسەن 2 صفكە بولونگەن بولوپ، بر صفنى مستقل دولەتلەر اچىدە مستملكىچىلك، جهانگىرلك سياستگە قارشى تورغان يالغوز سەويتلەر اتفاقى تشكيل قلغان بولسا، 2- صفنى ديموكراتيە توزومىدىكى جهانگىر دولتلەر بلەن بللە بوتون دونياغا حكمرانلغىنى اورنوتوش خياليدا يورگەن فاشىزم توزومىدىكى دولتلەر تشكيل قلار ايدى. 2 - دونيا اوروشىدىن كېيىن بو احوالغا اوزگوروش كرگوزولدى.

2 - دونيا اوروشىدا گرمانيە، ياپونيە، ايتاليەلەر بر اوق تشكيل قيلب، اوچى بر اوقتا سيلنغان چاق-دەب حسابليناتتى. اولار (گرمانيە،

ياپونيه، ايتاليه‌لەر) كېيىنكى واقتدا ترقى‌تاپقان
دولتلەر بولغاشقا تېخنىكىسى نهايتى يۇقورى
توراتتى بو زامانلاردا تېخنىك كوچى بلەن برا
بر تېخنىكانى تاءمىن اتىدىغان خام مال وەيەر
ئاستى بايلق منبعى بولوشى كېرەك ايدى. او
لارنىڭ تېخنىك كوچى بار بولسىمو، ئامما تېخن
كا و مملىكتىنى تاءمىن اتىدىغان خام‌مال وە يەر
ئاستى بايلق منبعى كام ايدى. ياپونىنىڭ مستە
لىكىسى ئاز، ايتاليه مستملىكەسى بولسىمو ئاز
وە اوزى عاجز مملىكت ايدى. گرمانيه يەڭلمە
لدىم، او، برنجى دنيا اوروشىدا ئاپتاب‌ئاستىدىن
يەر ايزدەپ يېڭىلىپ قالدى. برنجى دونيا اورو
شىدىن كېيىن روسيه ايمپريەسى توپرىغىدا انق
قلاب بولوب، يېڭى سەويتلەر اتفاقى ديگەن دو
لت پەيدا بولوب، سەويتلر حكومتى اورناشتى.
بو حال خلق ئارا ئەحوالغا پۈتونلەى اوزگى
روش كرگوزدى.

روسيه توپريغىدا يېڭى حكومت اورونلىشى
شى نتىجەسىدە جهانگر مستملىكىچى دولتلەر
صفيدىن نهايتدە چوڭ دولتلەردن بيرى (روسيه )
چقىب كەتتى. اونىڭ سرتىدا فرانسوز، ئەنگلىز
وە ئامريكا نىڭ سەرمايەدارلرى روسيەدىكى
سەرمايەدارلرىدىن ئايريلدى. اونىڭ اوسـ

تېگە خلق اوستىدەبكى ايغرچىلقنى ايلب تاشلاش
مسلىگېنى توتقان سەويتلار حكومتى روسيەچار
حكرمتېنىڭ چەت ئەللەردن جهانگرلك اوروشى—
نى ايلب بەرش اوچون ئالغان قرضلرينى تو
لوماسلغينى اعلان قلدى. باشقادولتلەرگە نسبتەن
زورلوق سياستينى يور گوزوشگە قارشى چقان
وە مستملكە ئەللەرنىڭ مستقل بولوشىنى طلب
قلغان سوويتلار حكومتى مستملكيلرى نورغون
بولغان وە مستملكيلك سياستيني ساقلاپ قلشنى
ئاساسى پرينسيپ دەب باگەن چوڭ مستملكەچى
ئەنگليە، فرانسيە حكومتلرينىڭ قاريەى- قارشى
لەيكى مملكت بولوب قالغان ايدى. شونىڭ او
چون برنجى وە ئككنجى دونيا اوروشى اوتتور
سيدا ئەنگليە وە فرانسيە حكومتلرى مەكين
قدر سوويتلەر توزومينى اوز گەرتشگە اورولدى.
شونىڭ اوچون اولار برنجى دونيا اوروشيدا يېڭيل
گەن گېرمانيەنى بوتونلەى قورالسزلاندوروش
مسئلەسيگە تنقيدى كوز بلەن قاراب، اونى سو
ويتلەر حكومتىگە قارشى كوچ قيلب ساقلاب
قېلېشنى لايق تاپتى. شونىڭ اوچون ئەنگليە وە
فرانسيە 2- دونيا اوروشى ئالديدا بارلق كوچ
لرى بلەن مەكىن قدر گېرمانيەنى سوويتلەر اق
فاقيغا قارشى اوروشقا قويوب بېريب، بولار —

عاجزلاشقاندىن كېيىن اوز منفعتلىرىنى تائمىنلىمەك بولدى. بو سياست خلق ئارا احوالنى مېونخېنگە ايلىپ كەلدى.

مېونخېندا 1- دونيا اوروشىدىن كېيىن توزولگەن تىنچلىق معاهىدە يرتىلدى. عملىەتتە تىنچلىق معاهىدە ياپونيەنىڭ مانجورىيەنى بىسىپ ايلىشى بلەن بوزولغان ايدى. مېونخېندا گېرمانيەنىڭ سوويتلەر اتفاقىغا قارشى چىقىشىنى تائمىنلىمەك اوچون چېخوسلاواكيە حسابىغە گېتلېر وە موسولىنى بلەن پوتوم قىلىندى. ئەنگلىيەنىڭ باش مىنىستىرى چېمبرلين، فرانسىيەنىڭ مىنىستىرلار كېڭەشىنىڭ رئيسى دالادىين 1938 — يلى 29 - سېنتەبردە گېتلېرنىڭ چېخوسلاواكيەنى يەب ايتىشىگە ياردەم بېرىشلىرى بلەن 2 - دونيا اوروش اوتىنى توتاشتوردى. اولار چېخوسلاواكيەنى گېتلېرگە بېرىش بلەن، اونى سوويتلەر اتفاقىغا قارشى هجوم باشلاشقا اوندىگەن ايدى. ئاممانىش ئولار دېگەندەك چىقمىدى. گېتلېر پولشانى بىسىپ ئالدى. ئىككىنچى دونيا اوروشى باشلاندى. شونىڭ اوچون اوروش گناهكارلىرى گېتلېر، موسولينيلەر ناملىرى بىلەن چېمبرلين، دالادىينلەر مو بولوشى كېرەك. گېرمانيە ياوروپانى بىسىپ ايلىپ اوزىگە منبع تەييارلاب ئاندىن كېيىن عموەي ياوروپانى صفربرلىككە كەلتوروپ سوويتلەر اتفاقى

غا قارشى اوروش قيلش پلانينى تۇزدى. شو
نڭ اوچۇن گرمانيه ياوروپادا اوروشنى جەلدىلە
شتۇرۇپ كەينى -- كەينىدىن ياوروپا دولەتلەرىنى
يوتۇشقا باشلىدى. ئەنگلىيە بو حال بىلەن بى
واسطه خوف ئاستىدا قالغاشقا علاجسز گېرمانى
يەگە اوروش اعلان قلدى، گرمانيه ياوروپادا
پولشا و پرانسيەنى بېسب ئالغاندىن كېين، ئەنگ
لىيە قرغيقيغا هجوم باشلايمەن دەب تۇرۇب، بر
دن اوروش قاريتىلغان طرفنى اوزگەرتىب: سو
ويتتەر اتفاقيغا هجوم باشلىدى. شۇنڭ بىلەن گېر
مانيه بر-- برسىگە قارشى اوروشماسلق حقىدى
كى سوويت گېرمان توختامىنى قوپاللق بىلەن
بوزدى. گېرمانيەنڭ سوويتلار اتفاقيغا هجوم
باشلىشىنڭ سەبەبى بولسا، گېرمانيە ياوروپانى
بېسىب ايلب، ياوروپادا مەنبعى ايگەسى بولغاندىن
كېين، اوزينى ئەمدى سوويتلەر اتفاقيغا قارشى
قدرەتكە ايگە بولدوم- دەب ... باشلىشىدا ايدى.
بو اوروش گېرمانيە اوچۇن هلاكەتلىك تەوەككل
چىلىكتىن عبارەت اوروش ايدى. چۇنكى گېر
مانيە اوزۇن مددەتلك اوروشقا چىداش بېرەلمەيتتى.
ئەنگلىيە مستەملىكەگە باي دولەت ايدى. او
نڭ اوستىگە، ئەنگلىيەنڭ دېڭز فلوتى گرمانيە دېڭز فلو
تىدىن كۈچلۈك ايدى. گرمانيە ئەنگلىيەنى تسلم قلدور
ماق ئۈچۈن ئۇنڭ بارلق مستەملىكەلەرىنى بېسب ايلش لازم

ايدى . بونڭ اوچون گرمانيەنڭ دېڭز فيلوتى
ئەنگليەنڭ دېڭز فلوتيغا نسبتەن
ئۈچكە برابر كۈچلوك بولوشى كېرەك ايدى.
بو احوال گيتليرنى چوڭقور اويغا سېلىب
قويېدو. ئەمدى بوتون ياوروپانڭ ايگەسي بولوب
ئالغان گيتلير، اگر مەن سوويتلەر اتفاقيغا قار
شى بوتون ياوروپانڭ برلەشكەن كوچى بلەن
هجوم قيلسام ئوتوق قاز ينشمغا شەك يوق- اگر
مەن سوويتلار اتفاقيغا قارشى اوروش قلسام هر
گيز ماڭا قارشى ئەنگليە اوروشنى دوام قلماي-
دو، ديگەن فكر بلەن تويوقسز سوويت حكومتي-
گە قارشى باسقونچىلق ئوروشىنى باشلايدو. ئەن
گليزلار بلەن گرمانيەنڭ تاليشيدىغان هيچ قاز
لاق مسئلەسى يوق. گيرمانيە مستملىكەنى روس
يەدن تاپىدى. ئونڭ ئوچون ئەنگليە حكومتى خا
طرجمع بولوب گرمانيە بلەن تنجلق پوتومگە
كېلەلەيدو، شونڭ اوچون بز اوز ئارا ئوروشنى
توختو تايلوق، ديگەن تكليف بلەن گيتلير او
زينڭ معاونى گسنى ئەنگليەگە ئەوەتيدو. ئەن
گليەنڭ سياستى گرمانيەنڭ ديگەن يريدن
چقيدو. ئەنگليە گرمانيەگە قارشى جەڭلەرنى توخ
تاتودو. ليكن ئەنگليە افكار عاممەسيدن قورق
قان. ئەنگليە حكومتى اوزينڭ گرمانيەگە قار
شى اوروشدن چققانلقىنى اوچوق اعلان قلالمايدو.

گیرمانیه سوویتلار اتفاقیغا قارشی اوروش
نىڭ برنجی دەوریدە چوڭ اوتوقلار قازاندی.
ئامما سوویتلار اتفاقینىڭ توپریغی کەڭ بولغاچ
قا غربدیکی صناعت اورونلرینی شرققە کوچو
روپ، بارلق خلقینی، بارلق امکانیتینی صفربر
لکەن کەلتوروش نتیجەسیدە گیرمانیەنىڭ «ییگل
مەس» ئارمیەسینی تار-مار قلدی.

شرقدە ئوروش ئوتینی یاققان یاپون جهان
گیرلیگینىڭ مانجوریەدیکی کوچلوك کانتون ار
میەسی تار-مار بولوشی بلەن او هم ئشلن چق
تی. ئولارنىڭ بر اتفاقچیسی بولغان عاجز ایتا
لیە بولسا، بورون ئشلن چققان ایدی.

شونداق قیلب 2- دونیا اوروشی نتیجەسیدە
فاشیزم توزومیدیکی کوچلوك چوڭ اوچ دولت
حسابدن چقریلدی.

## ئکینجی اوز گوروش

اگر برنجی دونیا اوروشیدن کیین چیر
چیل وە کاپیتالیسولار روسیەدیکی قالاق قشلاق
خرجولوق دولتیدە تیخی ییگیدن حاکیمیەتنی
قولیغا ئالغان سوویتلار حکومتیگە قارشی ئا.
ق.ش. فرانسیە و ئەنگلیە حکومتلری باشلی
غان 14 دولتنی هجومغا قاتناشتوروپ، 4 ییل سو
ویت اتفاقی توپریغینی ئامریکا، ئەنگلیە، فراز

سىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە، چېخوسلاواكىيە، پولشە وە باشقىلارنىڭ عەسكەرلىرىنى بۇلاش — تالاشىغا اوچرىتالىغان بولسا، 2- دونيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئو، احوال يوق ئۇنىڭ عەكسىگە 1- دونيا ئو رۇشىدىن كېيىن ئو، روسىيە توپرىغىدىن ئاجرىتىپ سوۋىتلار اتفاقىغا قارشى ئورۇش مەيدانىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن قورۇلغان بالتىق دېڭىز قىر غېغىدىكى «مستقل» ئېستونىيە، لاتۋىيە، لىتوا لار سوۋىت اتفاقىغا قوشولوپ كەتتى. مەركىزى وە شرقى ياوروپادىكى بىر مونچە دولەتلەردە خلق چىل حكومەتلەر قورولۇپ، ئولار بۇرۇنقى سو ۋىت اتفاقىغا دۇشمەنلىك موقعىدىن كېچىپ سوۋىت اتفاقى بىلەن يېڭى دوستانە معاملىدە بولوپ قالدى. شونداق قىلىپ خوشنىمىز سوۋىتلەر ات- فاقىنىڭ اطرافىغا جايلاشقان وە 1-2- دونيا او رۇشى اوتتورسىدا سوۋىتلەر اتفاقىغا قارشى هجومدا بىرلىشىپ كورەش ايلىپ بارغان 14 دو لەتنىڭ اچىدىن سەككىز—توققوزى صفدىن چىقتى.

3— اوز گوروش

اگر پۈتۈن دونيا خلقىنىڭ يېرىم نفوسىنى تشكىل قىلغان وە ياوروپالىقلارنىڭ مستملىكىسى بول غان ئازىيا خلقلىرى بىرىنچى دونيا ئۇرۇشىدىن كېيىن هيچقانداق ئەركىنلىك حقوقلارىنى ئالالمىغانلىقى

لىرىدىن ياۋروپادىكى جاھانگىر دۆلەتلەر ئۆز مۇس-
تەملىكىلىرى توغرۇلۇق خاتىرجەم بولغان بول-
سا، 2- دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن پۈتۈن ئازىيا،
ئوكيانىيا ئەللىرى مۇستەملىكىچىلىككە، قوللۇققا قار-
شى قوزغالدى. وە مۇستەملىكىچىلەرنى ئېزىلگەن
ئەللەر ئۆزلىرى بىلەن ھېسابلىشىپ ئىش قىلىشقا مەج-
بۇر قىلدى. ئايرىم مۇستەملىكىلەردىن مۇستەملىكىچى
جاھانگىر دۆلەتلەر قوغلىنىپ چىقىپ كەتتى. ۋيېتنام
ھىندونېزىيە جۇمھۇرىيىتى، شىمالى كورىيە وە بىر
مۇنچىلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ شۇ مۇستەملىكىلىرىدىكى ياللاقچى
مالايلىرىغا تايىنىپ قاتتىق دولقۇنلۇق دېڭىزغا كىرىپ
قالغان ياغاچ قېيىقىدىكى ئەھۋالدا ئاران-ئارانلا
مۇستەملىكىلىرىنى ساقلاپ كەلمەكتە. بۇ 2- دۇن-
يا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى 3- ئۆزگىرىش بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ.

2 — دۇنيا ئۇرۇشى مۇستەملىكە ئەللەر ئۈ-
چۈن ئىككى تۈرلۈك ئۆزگىرىش كىرگۈزدى.
بىرسى 1-2- دۇنيا ئۇرۇشى ھەر قانداق ئاكادېمىيە
ئالىي مەكتەپ بېرەلمەيدىغان بىلىم تەجرىبىسىنى كۆر-
سەتتى. ئازىيا خەلقى وە مۇستەملىكىلەردىكى خەلق-
لەر بۇ ئىككى ئۇلۇغ ئالىي مەكتەپتىن تەلىم ئېلىپ
ئاڭىنى كۆتەردى. يەنە بىرسى 1-2- دۇنيا

www.uyghurkitap.com



اوروشلريدن ايلگرى مستملكه ئەللەرده بر دانه
قورال بولمىسا، 2 — دونيا اوروشيدن كېيين ئو
لار يېڭى زامان تېخنيكىسيدا ايشلەنگەن قورال
لارغا ايگه بولدى.

ئازىيادىكى مستملكه ئەللەرنڭ كوب قسمى
ياپون جهانگرلىكى طرفيدن اشغال قيلنغان ايـ
دى. ياپونغا قارشى قوزغالغان خلق ياپون قو
ليدىكى قوراللارنى تارتىپ ئالدى. بو بر قسـ
مى قورال، بەزى بر قسمىنى مستملكه ئەللەر
گە ياپونغا قارشى اشليتش ئوچون بورونقى
خوجايىنلىرى بەردى.

ئاڭى كوتورولگەن وە قورالغا ايگه بول
غان خلق بورونقيدەك محكومىتدە- پاشاشنى خالـ
لىمەيدى. كورەشكە ئاتلاندى. موشو كونده ئاز
يادا ئازادلق كورەش اوتى وە مستملكىنى ساق
لاپ قيلش ئوچون ياندورولغان اوت اوچميدى.
شونڭ ئوچون 2 — دونيا اوروشى گېرمانيه، ياپو
نيه، ايتاليەنى يوقوتوش بلەن توگوەي، خاراك
ترنى اوزگەرتدى. بورونقى ئوروش فاشيزمغا
قارشى اوروش بولسا، حاضرقى اوروش مستملـ
كه ئەللەرنڭ مستملكىچىلەرگە قارشى اوروش
بولوپ اوزگەردى.

بو هر نەكى نۇروشقا بـﮬا بەرگەندە
عـبدالملكـكە ئاساسلانغان اورۇش بولـوب
حسابلانيدو. چونكى، برنچى اورۇش فاشيزيمنى
نۇقتالاشقا قاريتيلغان بولسا، ايكىنچى اورۇش
عدالت اوچون، حقيقت اوچون، حقوق اوچون بو
لوواتيدو. منا بو، بولسا، دونيا احواليننڭ قسقى
چە تصويريدور.

بو گونكى كوندە ئەنگليە، ئامريكا قورالـ
لرى بلەن قوراللانغان، ياوروپادا گلچپلك، سوت
چيلك بلەن كون كوچوروپ كەلپواتقان هولـ
لانديە حكومتى هيندونوزيە خـلقىنڭ قينىنى
دريالاب توكوواتيدو. راديئو خبرلريگە قاريغا
ندا، 48نجى يلى 19نچى ديكابردا هوللانـديە
هيندونوزيەگە باسقونچيلق هجومىنى باشلايدى.
ئەگەر اوروشدن خبردار بولساڭلار، هوللانديە
نلڭ هيندونوزيەگە هجوم باشليشى قانخور، قا
راقچى هوللاند جهانگرليگىنى قانچەلك قباحت
بلەن خلق ئارا قانون خلق ئارا ترتيب انتظامغا
خلافلق قيلغينىنى بيليسزلەر.

هوللانديە باسمچيلرى هيندونوزيەگە هو
جوم باشلاشدن 15 مينوت ايلگرى هوللانديـە
بلەن هيندونوزيە وكيللرى صحبت اوتكوزوات-
قان. وقتيدا هيندونوزيە وكيللريگە اوروش

اعلان قىلغانلىقىنى اوختو روشنى تاپشورىدور. اوختو روشنى بەرگەنىيلا ايلېكتر استانسەسى بوزولوب قالىدو. تلىفون تلىگرافلار اشلىمەى قالىدو. بو وقتدا هىندونوزيە وگىللارى اوزوش قىلمش اوختو روشنى حكومتكە تاپشو روشدن محروم قالىدى. استانسە و تلىفون تلىگرافلار 15 مىنوتدن كېيىن اشلەيدو. امما وقت اوتوب كېتىدو. منا شو وقتدا هوللاندىيە باسقىنچىلرى هىندونوزيەگە باستوروب كرىب هىندونوزيە حكومت باشلىقىنى سوقارتو و باشقىلارنى قاماققا ايلىب، شهر و يېزىلار بويىنچە هجومنى دوام قىلدورىدو. دوندىق ياوۇزلق و اوياتسزلقنى خلق ئارا عدلىيەسى، حقوقى و كورگەن قانونى ئەمەس ايدى.

بو گونكى كوندىكى خلق ئارا احوالدا چوڭ واقعەلەردن يەنە برى مالايادە بولوب مالايا خلقى ئەنگلىزلەرگە قارشى قاتتق و دەهشتلىك كورەش ايلىب بارماقدا. گرىتسىيە خلقى ئەنگلىز عسكرلرى بلەن ساقلاب قالىمز دېگەن پادشاهچىلر حكومت عسكرلرى بلەن قاتتق كورەشمەكدە. عمومەن مستملىكەلەرنىڭ قايسىلا بورجەكىگە قارىماڭ، جهانگىرلەر، عدالتسزلك، مستملىكەچىلك اوروشىنى ايلىب بارماقدا: محكوم ئەللەر عدالتلك انسانىيتلك، حقانى كورەش ايلىب بارماقدا.

## قسقیچه خطای احوالی توغرولوق

خطای احوالینی ایتمیساقمو هممەگە توشو نوشلك بولسا کېرەك. لیکن بیزمو توشونوشلك بولسون اوچون اچکریگه بولغان بزنڭ وکیللە ریمزنڭ صفری اوستیدە قسقیچه توختولوپ اوت سەك كفایه قیلیمز.

بزنڭ وکیللربمز اچکریگه بارغاندا، خطای حربی اشتاب باشلیغی جاڭ چڭ دیگەن كشی ایکەن. او حربی اشلەرغا «اوستا» آدام ایکەن. او کشی قورولتایدا بیانات بەرگەندە بز گوڭ سەنداڭ بلەن کیلشەلموق ... تیزبو قوتیمزدیسەك 8 آیدا یاکی 5 آیدا یوقوتیمز ... دیگەن ایکەن.

بزنڭ وکیللریمز سیاحت قیلماق بولوبدو. جنوبنی كوروب چققاندین کیین شرققه چاڭچون تەنجین، چیڭداو، شویجو، موکدن، بیجین شهر لریگە بارماق بولغان ایکەن. بو سیاحتدە بوجین تەنزین، چیڭداونی آریلاپ نانکینگه قایتیپتو. چاڭچون، موکدن شهرلریگه بارالمیغان ایکەن بو واقتدا بو شهرلەر مرکزی حکومت طرفیدن مستحکم ساقلنیواتقان شهرلاردن ایکەن.

